
# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

'99 9




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى



30 - ئىيۇل ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي
كومىتېتى 3 - قېتىملىق قانۇنچىلىق لېكسىيىسى
ئۆتكۈزدى



يۇقىرىقى سۈرەتتە كومىتېت ئەزالىرى خەلق ئىشلىرى
نازارىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن سوئال سورىماقتا.

تۆۋەندىكى سۈرەتتە كومىتېت ئەزالىرى مائارىپ كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن سوئال سورىماقتا.

لۇ ۋاڭخاۋ فوتوسى

# سۈرەتلىك خەۋەر

9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - يىغىنىدا، كومىتېت ئەزالىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ دوكلاتىنى قاراپ چىققاندا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ خىراجەتنى يۆتكەپ ئىشلەتكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مائارىپ كومىتېتى ۋە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن سوئال سورىدى.





جياڭسۇ ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىدىن زىيارەتكە كەلگەن يولداشلار.



10 - ئاۋغۇست ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىدىكى يولداشلار جياڭسۇ ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىدىن ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەن يولداشلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.



[illegible] رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنە-
كى [illegible] «[illegible] بېرىش» تەربىيىسى ئۆزىنى ئوبې-
[illegible]تسىيە قىلىش باسقۇچىغا كىردى. باشقارما دەرىجىلىك-
[illegible]ن يۇقىرى كادىرلار ئىدىيىنى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە
[illegible]ەشتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل
[illegible]ت يايدۇردى.
سۈرەتتە ئىچكى ئەدلىيە كومىتېتىنىڭ كۆرۈپ [illegible]
[illegible]ى.

# قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغدايلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

يېقىنقى بىر ئايدىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، لى خۇڭجى ۋە ئۇ ئويدۇرۇپ چىققان «فالۇن يوسۇنلىرى» نى چوڭقۇر ئېچىپ ۋە تەنقىد قىلىپ، ئىلىم - پەننى قەدىرلەپ، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇشتەك ئەمەلىيەتچىل روھ ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتەك سىياسىي ئاڭنى ئىپادىلىدى. خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكى كادىرلار تېخىمۇ ئالدىدا مېڭىپ، لى خۇڭجىنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا قارشى تۇرۇشتەك جىنايى سۇيىقەستىدىن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تېخىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتى. قانۇن چىقىرىش، نازارەت قىلىش ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، لى خۇڭجى ئېقىمىدىكىلەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق زەربە بېرىشكە بەل باغلىدى.

لى خۇڭجى ئويدۇرۇپ چىققان «فالۇن يوسۇنلىرى» دە كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ھازىر جەمئىيەتتە مەسىلە ناھايىتى كۆپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ، ھەر قانداق ھۆكۈمەت ئۇنى ھەل قىلالمايدۇ. مىللىي مەسىلە، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەر، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن جىنايەتلەردىن ھەر قانداق ھۆكۈمەتنىڭ بېشى قېتىۋاتىدۇ، ئۇنى ھېچكىم ھەل قىلالمايدۇ»، «ئىنسانلار تۈزگەن قانۇن ئادەمنى مېخانىك ھالدا چەكلەپ قويىدۇ، بېكىندۈرۈپ قويىدۇ ... ئادەملەر ھايۋاندەك باشقۇرۇلۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ چىقىش يولى يوق، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئامال قىلالمايدۇ.» لى خۇڭجىنىڭ بۇ سەپسەتىلىرى ئۇنىڭ رەزىل سىياسىي مەقسىتى — «ھۆكۈمەت كارغا كەلمەيدۇ» دېگەننى تەرغىپ قىلىپ، سىياسىينى قەستەن دەپسەندە قىلىپ، «فالۇن گۇڭ» ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى كونترول قىلىشقا، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، «فالۇن گۇڭ» تەشكىلاتىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. لى خۇڭجى ئۆزىنىڭ بۇ سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا «فالۇن گۇڭ» تەشكىلاتىنى جېنىنىڭ بارىچە تەرەققىي قىلدۇردى ۋە تىزگىنلىدى ھەمدە خىلمۇخىل باھانە كۆرسىتىپ، كەڭ كۆلەمدىكى قانۇنسىز يىغىلىش ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەيۋە كۆرسىتىپ بېسىم ئىشلەتتى. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەۋزالىنى چۈشىنەلمىگەن گۇمراھ مەشق قىلغۇچىلارنى جۆيلىگەنچە ئەتراپىغا توپلىشىشقا قۇترىتىشى ئۇنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىنىڭ مەركەزلىك ئاشكارىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لى خۇڭجى ئېقىمىدىكىلەرنىڭ رەزىل قىلمىشى بىزگە سەلبىي جەھەتتىن يەنە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسى. مۇقىملىق چوڭ ئومۇمىيەت، شۇنداقلا دۆلەت ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالىي مەنپەئەتى. مۇقىملىق بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىنچ بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى ساقلاش ئۈچۈن، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتەك ئومۇمىي تەدبىردە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىزچىل كۈچەيتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان ۋە مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەر قانداق شەكىلدىكى سۆز ۋە ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسى مۇقىملىقنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى ئىزچىل تېزلىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشى، خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈشى كېرەك. قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە، قانۇن چىقىرىش تەدبىرى بىلەن ئىسلاھات تەدبىرى، تەرەققىيات تەدبىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى زىچ چۆرىدەپ، جىددىي ئېھتىياجلىقلىرىغا ئاۋۋال تۈزۈش قىلىپ، مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر يەرلىك نىزاملارنى ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقىش كېرەك؛ ئەدلىيە نازارەتچىلىكى خىزمىتىدە، خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاش، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، سۈرۈشتۈرۈش، سۈرۈشتۈرمە قويۇش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشكە ئوخشاش ئۈنۈملۈك ئۇسۇللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەدلىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، دېلونى ئادىل بېجىرىپ، قانۇننىڭ مۇقەددەس نوپۇزىنى قوغدىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك؛ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ھەر بىر تارماق ۋە ئورۇننىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش دائىرىسى، ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيىتى ۋە تەرتىپىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى دائىم ئېلىپ بېرىپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ ھەقىقىي يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك پارتكوملارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئاڭلىق ھالدا قانۇن ئۆگىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە قانۇننى تەتبىقلاشقا يېتەكلەپ، ھەقىقىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

مۇقىملىقنى قوغداشتا قانۇننى ئاساس قىلىش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن خەلق دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىدىيىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان، قانۇننى ئاساس قىلىدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرىدىغانلا بولساق، لى خۇڭجى ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ۋە «فالۇن يوسۇنلىرى» نىڭ سەپسەتىلىرىگە زېمىن ۋە بازار قالمايدۇ، ئۇزاققىچە تىنچ بولۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

1999 - يىل 9 - سان

(ئومۇمىي 198 - سان) (19 - يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غولام

باش مۇھەررىر: لەن شۈيى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۆگايلى

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: سىراجىدىن ئىسمايىل

**ئوبزور** قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغدايلى -------

---------------------- ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

**ئۆگىنىش** دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوت خىزمىتىنى

ئىلگىرى سۈرەيلى ----------------------------- توختىروزى مەتنۇرى (4)

**مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر** سوت ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تېزلىتىش— نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ---

------------------------------------------------- ئابلىكىم مەھەممەت (6)

**خىزمەت تەتقىقاتى** قانۇن - ئىنتىزام ئىجراسىنى نازارەت قىلغاندا ئوخشىمىغان قانۇن مۇناسىۋىتىنى

پەرقلەندۈرۈشنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك ------------------------- يۇنۇس ياقۇپ (9)

كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى قانۇن، نىزاملارغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك -------- ئابدۇۋەلى مامۇت (12)

**قانۇن تەتقىقاتى** قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش— جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاشنىڭ توپ

كاپالىتى ----------------------------------------- ئابلىمىت توختى (14)

**زىيارەت خاتىرىسى** پەرشتىلەر ئىچىدىكى پىداكار كوممۇنىست ------------------

------------------------------------- ئابدۇكېرىم ئۆمەر ئابدۇلىم ئابدۇكېرىم (18)

**تەكشۈرۈش دوكلاتى** ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى ------------------------ (21)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكىستى: ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك
سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN 65 – 1033 / D-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830002

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 10 ـ قورۇ
تېلېفون 2822065 ئارقىلىق 63109

**جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش** «يېزا خىزمىتىدىكى شەكىلۋازلىق» نى تۈگىتىش توغرىسىدا ---------- باتۇرجان ئاتىخان (تاجىك) (29)

**تارىختىن سۆز** قەدىمكى ئۇيغۇر خەتتاتلىرى ---------- تۆمۈر ھەسەن (30)

**جەۋھەرلەر** (28 پارچە) ---------- (33)

**بىلىۋېلىڭ** ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشتا ئالتە ئىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك (قاتارلىق 4 پارچە)
---------- (53)

**تەرمىلەر** جۇڭنېلىي چېن جىڭرۇننى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان
(قاتارلىق 5 پارچە) ---------- (56)

**ئەتىرگۈل** باشلاڭ بىزنى ئەتىگە ---------- مۇتەللىپجان مۇھەممەد (ھىجرانىي) (61)

دېھقان ---------- مۇتەللىپ ئەھەتباقى (61)

ئىككى شېئىر ---------- جانىخان ئەلىفشا (تاجىك) (62)

**كىچىك لۇغەت** خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك نىزاملاردا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلارنىڭ
ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى ---------- (63)

## دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوت خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

●●●توختىروزى مەتنۇرى●●●

باش شۇجى جياڭ زېمىن 15 - قۇرۇلتايدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا: «سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى سەپەردە چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتكۈل ئىشلىرىمىزغا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيىمىز تارىخ ۋە رېئاللىقتىن چىقارغان تەۋرەنمەس يەكۈن ئەنە شۇ» ①دەپ كۆرسەتتى. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بۇ مۇھىم يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، بارلىق سوت كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سوت خىزمىتى ۋە سوت مەھكىمىسى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى پۈتۈن پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، شۇنداقلا سوت مەھكىمە خىزمىتىنىڭ تۈپ قىبلىنامىسى ۋە كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالى. بۇ ئۇلۇغ نەزەرىيىنىڭ ئىنتايىن گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، 15 - قۇرۇلتاينىڭ سىياسىي دوكلاتىدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى «پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش» ② تىن ئىبارەت دەپ كۆرسىتىلدى. سوت مەھكىمىسى سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت فۇنكسىيىلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان.

باش شۇجى جياڭ زېمىن 15 - قۇرۇلتايدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا: «بايراق مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم. بايراق يۆنىلىش دېمەكتۇر. بايراق ئوبراز دېمەكتۇر» ③دەپ كۆرسەتتى. سوت مەھكىمە قوشۇنى بىر جەڭگىۋار قوشۇن بولۇپ، ھېچقاچان دۈچ كەلمىگەن پۇرسەت ۋە خىرىسقا دۈچ كەلمەكتە. دۈچ كەلگەن ۋەزىپە ۋە بۇرچ ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، بۇ سىياسىي نىشاندىن ئېغىشماي، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوت مەھكىمىسىدىكى بارلىق كادىر - ساقچىلار بۇ مەسىلىدە چوقۇم يۈكسەك ئاڭلىقلىق ۋە مۇستەھكەم مەيداننى ساقلىشى لازىم. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەقىقىي ھەرىكەتكە كېلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق ئۇلۇغ بايراقنى مۇستەھكەم تۇتقاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئادا قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىر لاياقەتلىك سوت مەھ-

كىمە كادىر ساقچىسى بولغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز چوقۇم دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز، سىياسىي نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشىمىزنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، چوقۇم پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئاكتىپ ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئاكتىپ ئىزدىنىش، دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. باش شۇجى جياڭ زېمىن 15 ـ قۇرۇلتايدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا: «ئىشلىرىمىزنى 21 ـ ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي چىڭ تۇتۇش، كونا ئەندىزىگە ئېسىلىۋالماي يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى دەۋر قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى نەتىجە يارىتىش، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، ھەر قايسى تەرەپلەرنى بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم» ④ دەپ كۆرسەتتى. سوت مەھكىمىسى بىر تەرەپتىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇھىم قورالى بولغان سوت مەھكىمىسى يۇقىرىقىدەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئادا قىلىدۇ. سوت مەھكىمىسى سوت مەھكىمە خىزمىتى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئىسلاھاتنىڭ جىددىي ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلمەكتە. سوت مەھكىمە خىزمىتىنىڭ بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىغا، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىش مېخانىزمىغا ماسلىشالماسلىقىنى ئىسلاھ قىلىپ، سوت مەھكىمە قوشۇن قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئارقىسىدا قېلىش، يېڭى ئەھۋالنىڭ ئارقىسىدا قېلىشتەك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، سوت مەھكىمە خىزمىتى ۋە سوت مەھكىمە قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ چىقىش يولى ئىسلاھ قىلىشتا. ئىسلاھات چوقۇم سوت مەھكىمە كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى، سوت مەھكىمىسىنىڭ فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش پرىنسىپىغا پايدىلىق بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسىپتە پىششىق، ئىستىلى دۇرۇس، ئىنتىزامى چىڭ، ئوبرازى ياخشى بولغان سوت مەھكىمە كادىر ـ ساقچىلار قوشۇنىنى 21 ـ ئەسىرگە باشلاپ كىرەلەيمىز.

---

ئىزاھات:

①«دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 ـ ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 15 ـ 16 ـ بەتلەر

②يۇقىرىقى كىتاب 9 ـ بەت

③يۇقىرىقى كىتاب 1 ـ بەت

④يۇقىرىقى كىتاب 2 ـ بەت

(ئاپتور گۇما ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى)



# سوت ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىش — نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى

ئابلىكىم مەھەممەت

دۆلىتىمىز تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھات قەدىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتىدۇ. سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈرتكىسىدە، كونا پىلانلىق ئىگىلىك رامكىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى رامكىسى بارلىققا كەلدى. تەقسىمات جەھەتتىكى تەڭ تەقسىماتچىلىق، «تۆمۈر تاۋاق» چېقىپ تاشلىنىپ، يېڭىچە كۆپ خىل شەكىلدىكى مۈلۈكچىلىك، تەقسىمات شەكلى ئەندىزىسى شەكىللەندى. بازار ئىگىلىكى دەۋرىگە ماس بولغان كادىر باشقۇرۇش، كارخانا باشقۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ئورنىتىلىپ، ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش مەركىزىي نۇقتىسى ئۈچۈن ئاكتىپ مۇلازىملىق رولىنى ئويىنىماقتا. لېكىن خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش ئۇسۇلى، كادىرلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئاساسىي قاتلام خەلق سوتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جانلاندۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قائىدە ـ تۈزۈملىرى كونا رامكىدىن چىقالماي، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانى ۋە سۈرئىتىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. بۇرۇختۇملۇق ھالەت داۋاملىشىۋەرسە، سوت خىزمىتىنى خەلق ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇشتەك تۈپ مەقسەتكە يېتەلمەيمىز. شۇڭا، سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش، ئاساسىي قاتلام خەلق سوتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جانلاندۇرۇش، كادىرلارنى باشقۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇش جەھەتتىكى قائىدە ـ تۈزۈملىرى ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىش زۆرۈر. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

1. سوت قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئىسلاھات تەدبىرلىرىمىز دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋالىشىشى، دەۋا ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلونى قانۇن بويىچە قاراپ چىقىشىغا قولايلىق بولۇشى كېرەك. قىسمەن خەلق سوت مەھكىمىلىرى بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام خەلق سوتلىرىدا ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ياكى ئاز سانىدىكى سوتچى خادىملارنىڭ ئېتىبارسىز قارىشى تۈپەيلىدىن دەۋالاشقۇچىلارنى ئەرز، جاۋابنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا سوت ئېچىشقا كىرىشىپ كېتىپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئۆز دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلغۇچى خادىملارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقىغا سەل قاراش ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. «ھەق تەلەپ قانۇنى» دا: دېلو تورغۇزۇلغاندىن كېيىن، دېلونى سوت قىلغۇچى سوتچى (كېڭەشمە سوت تەركىبىدىكىلەر، تەنھا سوتچى)، پۈتۈكچى خادىملارنىڭ ئىسىملىكىنى سوت ئېچىلىشتىن بۇرۇن، دەۋالاشقۇچى تەرەپلەرگە ئېلان قىلىش... » بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىكى مەقسەت: دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىدىغان خادىملار ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق، پايدا ـ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولسا، بۇ ھەقتە ئۆز پىكىر، ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، چەتلەپ تۇرۇش ئىلتىماسى سۇنۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش. شۇڭا دەۋالاشقۇچىلارنىڭ بۇ ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەرز، جاۋابنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا سوت قىلغۇچى، پۈتۈكچى خادىملارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىش كېرەك. ئەرز، جاۋابنامىنى كۆرۈپلا كاللىدا يەكۈن توگۇۋالماسلىق لازىم. بۇنداق قىلغاندا، بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

سوتتا تەكشۈرۈش باسقۇچىدا بىر مەسىلىنى بىر تەكشۈرۈش، بىر ئىسپاتلاش، ئىسپاتلانسا، دەلىللىنىپ بېكىتىش، بېكىتىلگەنلىرىگە قارىتا، مۇنازىرە تەشكىللىمەسلىك، بېكىتىش ئاساسى يېتەرلىك بولمىسا شۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش. يېڭى مەسىلىگە ئۆتۈش، يەنە يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە سوتتا

تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا پاكىتلارنى توغرا بېكىتكىلى، بېكىتكىلى بولمايدىغانلىرىغا قارىتا تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى، سوتقا تەرتىپلىك قوماندانلىق قىلغىلى بولىدۇ. مۇرەسسە باسقۇچىدا يۈزتۇرانە مۇرەسسە قىلىش، ئارقا تۇرانە مۇرەسسە قىلماسلىق كېرەك. دەۋالاشقۇچىلارغا قانۇن، بەلگىلىمىلەرنى چۈشەندۈرۈپ، ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتانى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش، ئۇلارنىڭ پاكىتقا، قانۇنغا ئاساسەن ئۆز ئىختىيارى كېلىشىم ھاسىل قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. ئارقا تۇرانە مۇرەسسە قىلىش، سالاگەرچىلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دەۋادا ئاكتىپ ئورۇندا تۇرۇۋاتقان دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى قىلماسلىق كېرەك. ئارقا تۇرانە مۇرەسسە قىلغاندا بۇ خىل ئەھۋالنى ساقلىنىش تەس.

چىقىرىلغان قانۇنىي ھۆججەتلەرنىڭ تىلى چۈشىنىشلىك، يېزىقلىرى توغرا، ئېنىق بولۇشى لازىم. دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئەرزىدە بايان قىلىنغان، تەكشۈرۈش باسقۇچىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق دەۋا تەلەپلىرىگە قارىتا، ئېنىق، كونكرېت جاۋاب بېرىلگەن بولۇشى، ھۆكۈم نەتىجىسىگە قايىل بولمىغاندا 2 ـ سوتقا قانچە نۇسخا نارازىلىق ئەرز خېتى، قانچە يۈەن دەۋا ھەققى تاپشۇرىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق يېزىش لازىم.

ئىجرا مەزمۇنى بولغان قانۇنىي كۈچكە ئىگە ھۆكۈم ـ كېسىم، مۇرەسسەنامىلەرنىڭ ئىجراسى كەسكىن، توغرا بولۇشى كېرەك. ئىجرا داۋامىدا قايتا مۇرەسسە، سالاگەرچىلىك قىلىش ئارقىلىق، دەۋادا ئۇتقان تەرەپنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى يەتكۈزۈپ، قانۇنىي ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىنى قۇرۇق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك.

ھەق تەلەپ ئىقتىسادىي ماجىرالىرىنى قاراپ چىقىش جەريانىدا، ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش ئېتىبار بىلەن قارىلىپ، قانۇنغا خىلاپ ھەق تەلەپ قىلمىشلىرىغا قارىتا، ھەق تەلەپ ئىشلىرى بويىچە جازالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قانۇنغا خىلاپ ھەق تەلەپ قىلمىشلىرى يامراپ كېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بىۋاسىتە دەۋا قىلىنغان جىسمانىي زىيان تۆلەم دېلولىرىدا زىيانلانغۇچىنىڭ داۋالىنىش چىقىمى، ئىشتىن قېلىپ ئازىيىپ كەتكەن كىرىمى، كۈتۈنۈش خىراجىتى قاتارلىقلار تۆلىتىپ بېرىلىپلا بولدى قىلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق قىلمىشلارنى سۇبستانسىيىلىك قانۇن، نىزاملىرى بويىچە جازالاشنىمۇ بىرگە ئېلىپ بېرىش كېرەك. يەنە نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىدا ئەر ئايالنى ئۇرغان، زەخىملەندۈرگەن ئەھۋاللار ئېنىقلانسىمۇ، بۇنى پەقەت نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى سەۋەب دەپ قاراپلا، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇ خىل ئەھۋالدا ھەق تەلەپ ئىشلىرى بويىچە جازالاش قارارنامىسى چىقىرىش (ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 134 ـ ماددىسى، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش، جازالاش نىزامىنىڭ 22 ـ ماددىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە)، شۇ ئارقىلىق نىكاھ ماجىراسىنىمۇ بىر تەرەپ قىلىش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنىمۇ جازالاش، قانۇنلۇق ھەق تەلەپ مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چەكلەش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك.

2. ئاساسىي قاتلام خەلق سوتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جانلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن سوت قىلغۇچى خادىملارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئادەتتىكى ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەنلا بولدى قىلماي، دادىللىق بىلەن بىۋاسىتە شىكايەت قىلىنغان، يېنىك جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاساسىي قاتلام خەلق سوتلىرى بىر تەرەپ قىلغان دېلولار سوت مەھكىمىسى ئومۇمىي بىر تەرەپ قىلغان دېلولىرىنىڭ 80% تىن ئېشىپ كەتتى، قىيىنلىق دەرىجىسىمۇ ئاشتى. بۇنداق ئەھۋالدا خەلق سوتلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتى، سوتخانا ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش، دېلولارنى پۈتۈنلەي ئوچۇق سوتتا قاراپ چىقىش ئىمكانىيىتى يارىتىش، ئالاقىلىشىش قاتناش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. خەلق سوتلىرى ئاساسىي قاتلامدا، يېزىلاردا بولغاچقا، سوت كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى مەدەنىي، ئەستىلى دۇرۇس، گەپ ـ سۆزى ئەللىق بولۇشى لازىم. يەر

ھۆددىگەرلىك توختامىغا خىلاپلىق قىلىنغان، كوللېكتىپقا يىغىشقا تېگىشلىك قانۇن ـ نىزاملار دائىرىسىدىكى يىغىلمىلارنى تۆلىمىگەن دېلولارغا قارىتا چوقۇم ئۇچۇق سوت قىلىش، سەييارە سوت قىلىشنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

3. كادىرلارنى باشقۇرۇش قائىدە ـ تۈزۈملىرى ئېلمىي، ئادىل بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا قەرەللىك سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى ئېلىش، سوتنى سىرتتىن ئاڭلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، كەسپىي ساپاسى يۇقىرى، سوت قىلىش سەنئىتىگە ماھىر كادىرلارنى سوتچىلىققا تەكلىپ قىلىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ياش، ئىرىشچان كادىرلارنى يېتەكلەش، يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. لاياقەتسىز، ساپاسى تۆۋەن كادىرلارنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش كېرەك. قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق جازالاش لازىم.

خەلق سوت مەھكىمە ئورگىنىدا ئارخىپ باشقۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇش تارماقلىرى ھەم مەخسۇس تەربىيىلەنگەن كادىرلار قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق سوتلىرىدا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن كادىرلار بولمىغاچقا، باشقۇرۇش رەتسىز، قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەھۋاللار ساقلانماقتا. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، خەلق سوتلىرىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش، دەۋا ھەققىنى (ۋاكالىتەن) باشقۇرۇش، ئارخىپ باشقۇرۇش، ستاتىستىكا مەلۇماتىنى يوللاشقا مەسئۇل خادىملىرىنى قىسقا مەزگىللىك كۇرس ئېچىش، يېتەكلەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مەخسۇسلاشتۇرۇش لازىم.

4. سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشقا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ھازىر ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كادىر ـ ساقچىلار ئىش ھەققى، كەسپىي خىراجەتلىرى يەرلىك مەمۇرىي رايوننىڭ مالىيىسىگە بېقىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا خەلق سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلغان مەمۇرىي دېلولار، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى بولغان بەزى ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ ئادىل، قانۇن بويىچە بېجىرىلىشى تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچراۋاتىدۇ. جايلار دەۋالاردا يەرلىك قورۇقچىلىق ھادىسىلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مالىيە چىقىمى جەھەتتە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدا، مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن سوت مەھكىمىلىرىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىدا. ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كادىرلار ئىش ھەققى، كەسپىي خىراجەت ۋە باشقا چىقىملىرىنى تەمىنلەشتە، تىك لىنىيە بويىچە تەمىنلەش، باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى يىغىۋالغان دېلو قوبۇل قىلىش ھەقلىرىگە قارىتا، قەتئىي ھالدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بەلگىلىگەن دەۋا ھەققى ئېلىش چارىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش، تۈرلۈك ناملار بىلەن دەۋالاشقۇچىلاردىن پۇل ئېلىشنى چەكلەش، دەۋا ھەققىنىڭ خەزىنىلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مالىيە جەھەتتىكى چىقىمنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىپ، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مالىيىسىگە قارىتا، قەرەللىك مالىيە مۇپەتتىشلىكى ئېلىپ بېرىش لازىم. مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى قەرەللىك ئاشكارىلاپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش، رەھبەرلىك كوللېكتىپ تەستىق سېلىش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

كادىر ـ ساقچىلارنىڭ ماشىنا ئىشلىتىش، ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى چىقىملىرىغا قارىتا نورما بەلگىلەپ بېرىش ياكى ئىش ھەققىگە مەلۇم ساندا پۇل سېلىپ بېرىش، ئارتۇق قىسمىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك.

قىسقىسى، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھازىرقى سوت قىلىش، خەلق سوتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جانلاندۇرۇش، كادىر باشقۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىدە يېتەرسىزلىكلەر خېلىلا زور. بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ، ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشنى، ئاشكارا بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىشىمىز لازىم.

(ئاپتور گۇما ناھىيە سانجۇ
سوت مەھكىمىسىدىن)

# قانۇن – ئىنتىزام ئىجراسىنى نازارەت قىلغاندا ئۇخشىمىغان قانۇن مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرۈشنى كۆچەيتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك

يۇنۇس ياقۇپ

ئەدلىيە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي
تەپتىش ئورگانلىرى «نازارەت قىلىش، تەربىيىلەش،
جازالاش، قوغداش» فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈش جەريا-
نىدا، تۈرلۈك قانۇن – نىزاملار بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىجرا
قىلىنىشى قانداق؟ دېگەن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ، ئەمە-
لىي مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا «قارار»
، «يەكۈن» لەر ئارقىلىق، قانۇن – ئىنتىزامغا خىلاپلىق
قىلغان ئورۇن، شەخسلەرنىڭ قىلمىشىنىڭ قانۇنلۇق
ياكى قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تېپ-
كىشلىك جازا بېرىپ، قانۇن – نىزام قوغدايدىغان ئىج-
تىمائىي مۇناسىۋەتنى كاپالەتلەندۈرۈش، بۇنىڭ ئۈچۈن
تۈرلۈك قانۇن – نىزاملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوچۇقلاش-
تۇرۇۋېلىش زۆرۈر بولۇپ، قانۇن – نىزاملارنى ئىجرا
قىلغۇچى ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى ئۈچۈن مۇھىم
مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈل-
مىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى جەريانىدا، ئېلان قىلىنىپ
يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈرلۈك قانۇن – نىزاملار بىر – بىرىگە
مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، گىرەلىشىپ كەتكەن «تور شەك-
لى» قانۇن – نىزام مۇھىتىنى تولۇق تونۇۋېلىش لازىم.

باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيە 15 – قۇرۇل-
تىيى دوكلاتىدا: «پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ،
ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزىدۇ ۋە ئاساسىي قانۇن،
قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ» دەپ كۆر-
سەتتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20
يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
رەھبەرلىكىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ
دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان قانۇن – نىزاملار، قارار-
لار 300 دىن ئاشىدۇ. گوۋۇيۈەن ئېلان قىلىپ يولغا قوي-
غان مەمۇرىي نىزاملار، بەلگىلىمىلەر 740 دىن ئاشىدۇ.
ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ
دائىمىي كومىتېتلىرى تۈزگەن يەرلىك قانۇن – نىزاملار
4500 دىن ئاشىدۇ. گوۋۇيۈەننىڭ كومىتېت، مىنىس-
تىرلىك، ئىشخانىلىرى ۋە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمەت-
لىرى تۈزۈپ يولغا قويغان بەلگىلىمىلەر 2500 دىن ئاش-
قان بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمى-
سىنى بەرپا قىلىش ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان قانۇن
سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. بۇ يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بولۇپ باقمىغان ئىش. ئۇ-
نىڭ بەزى جەھەتلەردە مۇكەممەل بولمىغان تەرەپلىرى
بولسىمۇ، ئەمما «ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇن
بولغانىكەن قاتتىق ئىجرا قىلىش» ئۈچۈن «قانۇن تورى»
ئەندىزىسى بارلىققا كەلدى. بۇ قانۇن – ئىنتىزامنى ئىجرا
قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ قانۇن – ئىنتىزامنىڭ ئىجرا
قىلىنىشىنى تەپتىش قىلغان بۈگۈنكى كۈنلەردە، قا-
نۇن – ئىنتىزاملارنى ئىجرا قىلىش مۇھىتىدا چوڭقۇر
ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى، تۈرلۈك مەسىلىلەرنى قا-
نۇن – ئىنتىزام نۇقتىسىدىن قاراپ ئانالىز قىلىش، بىر
تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي پا-
ئالىيەتلەردە بىر خىل ھادىسە بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە
جەھەتتىكى قانۇن – نىزاملارغا چېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى
قانۇن – ئىنتىزامنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملاردىن «كۆپ-
رەك ئويلاش، ئەقىل ئىشلىتىش» ئارقىلىق ئوبيېكتىپ
سادىر بولۇۋاتقان ھەرىكەتلەرنى توغرا بېكىتىش، توغرا
بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا كارخانىلار بازار

سۇبيېكتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن قايسى ئىشتا پايدا بولسا شۇنى قىلىپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى خىلمۇخىل بولۇۋاتىدۇ. قانۇن ـ نىزاملار دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بارغان پايدا ئېلىش ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىمۇ مۇرەكەپلىككە ئىگە بولماقتا. بۇ ئەمەلىيەت قانۇن ـ ئىنتىزامنى ئىجرا قىلغۇچى، نازارەت قىلغۇچى ئورگانلارغا نىسبەتەن تۈرلۈك قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەتراپلىق ئويلاش، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئەتراپلىق نەزەرگە ئېلىشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قانۇن ـ ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەتنى ئەتراپلىق نەزەرگە ئالغاندىلا شەيئىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى توغرا بېكىتكىلى بولىدۇ. تەكشۈرۈلگۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەردە بولۇۋاتقان بۇ ئالاھىدىلىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش پائالىيىتى «قانۇنلار تورى» دىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتىپ مۇھىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇۋېلىشىمىزنى بەلگىلەيدۇ. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىيات جەريانىدا مۇكەممەللىشىدۇ. بازارنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ۋە ئۇنى قوغدايدىغان قانۇن ـ نىزاملارمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ مۇكەممەللىشىدۇ. كونا قانۇن ـ نىزاملار بىكار قىلىنىپ، يېڭى قانۇن ـ نىزاملار، بەلگىلىمىلەر ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. «قانۇن تورى» بولسا ھەرىكەت ھالىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى بولۇپ، قانۇن ـ ئىنتىزامنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ بۇ ئۆزگىرىشكە چوقۇم يېتىشىۋېلىشى، «قانۇن تورى» سىستېمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە، يېڭىلىنىشىغا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا قانۇن ـ نىزاملاردا، بەلگىلىمىلەردە كۆرسىتىلگەن نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىمىزنى توغرا، ئۈنۈملۈك ئادا قىلالايمىز، قانۇن ـ ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، نازارەت قىلىشتا، تۈرلۈك قانۇن ـ نىزام مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ «قانۇن تورى» مۇھىتى ئىچىدە ئوخشىمىغان قانۇن مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرۈشنى كۈچەيتىش زۆرۈر. قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا، ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمە شارائىتىدا، قانۇن ـ ئىنتىزام ئىجراسىنى نازارەت قىلغاندا نازارەت قىلىش نۇقتىلىق ھالدا ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەرنىلا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقىلا قارىتىلاتتى، ئىشلارمۇ يەككە ـ يىگانە ئاددىي، بىرلا خىل بولۇپ، كۆپىنچە ھاكىمىيەت ئىرادىسى بويىچە ئاخىرلىشاتتى. ئەمما بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا تەكشۈرۈلگۈچى ئورۇن، شەخسلەر بازار سۇبيېكتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئىنتايىن جانلىقلىققا ئىگە بولۇپ، ئوخشاش بىر مەسىلە ھەرگىزمۇ يەككە ـ يىگانە، بىرلا خىل ھالەتتە ۋە ئاددىي ۋاستىلەر بىلەن بولماستىن، بەلكى دائىم كۆپلىگەن قانۇن ـ نىزاملارغا چېتىلىدىغان مۇرەككەپلىككە ئىگە. بۇنداق ئەھۋالدا ئەگەر ھەر قايسى قانۇن ـ نىزاملار مۇناسىۋىتىنى ئېنىق تونۇپ ئۇچۇقلاشتۇرۇۋالمىغاندا ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

مەسىلەن، مەلۇم ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى مەلۇم قورۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورگاننىڭ ئىقتىسادىي نىزاملارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەپتىش قىلغاندا قورۇلۇش قىلىپ بەرگۈچى ئورۇننىڭ يۇقىرى مۆلچەرلەپ، يالغاندىن ھېسابلاپ، تەننەرخنى يۇقىرى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قورۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇندىن بىر نەچچە يۈز مىڭ يۈەننى كۆپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى سېزىلگەن ۋە قانۇن بويىچە قارار چىقىرىپ، قورۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورگاننىڭ قورۇلۇش قىلىپ بەرگۈچى ئورگاندىن ئېلىپ كېتىلگەن ئارتۇق پۇلىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىشنى تەلەپ قىلغان، قورۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن «قارار» نى ئاساس قىلىپ، قورۇلۇش قىلىپ بەرگۈچى ئورۇندىن پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سۈيلىگەن بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىغاندىن كېيىن، قورۇلۇش قىلىپ بەرگۈچى ئورۇن توختامغا ئاساسەن سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ قورۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇننىڭ توختامنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۆز مۇددىتى بويىچە تۈرلۈك پۇللارنى، كېچىكتۈرۈپ بەرمىگەن جەرىمانە پۇلنى ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان، كېيىن سوت 1 ـ سوت ھۆكۈم چىقىرىپ قورۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن دەۋادا ئوتتۇرىغان ھەمدە يۇقىرى مۆلچەرلەپ، تەننەرخىدىكى يۇقىرى ھېسابلاش ئۇسۇلى بىلەن ئارتۇق ئېلىپ كەتكەن پۇللارنى


ئالمايلا قالماستىن، بەلكى نەچچە ئون مىڭ يۈەنلىمك
جەرىمانە پۇلى ۋە دەۋا ھەققى تۆلىگەن. قۇرۇلۇش قىل-
دۇرغۇچى ئورۇن بۇنىڭغا قايىل بولماي يۇقىرىغا نارازىلىق
ئەرز بەرگەن بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىغان. بۇ قانۇن-
ئىنتىزامنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار «قارار»، «تەك-
لىپ»، «يەكۈن» چىقىرىشتىن ئىلگىرى، مەمۇرىي قا-
نۇن بىلەن ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ چەك- چېگرىسىنى
ئېنىق ئوچۇقلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپلا
قالماستىن، تەكشۈرۈلگۈچى ئورگانغا قارىتا قانۇنىي
قورالدىن پايدىلىنىپ ۋە قايىسى قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ
مەنپەئىتىنى قوغدايدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرىش
لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يەنە، مەلۇم ئورۇنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
خىزمىتىدىكى قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھارام بىر
نەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى يۇقىرىغا تاپشۇرماي خىيانەت
قىلىۋالغان. كېيىن مەلۇم تەپتىش مەھكىمىسى «نازا-
رەت قىلىش» فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا،
كەچۈرۈم قىلىش قارارىنى چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن بىر
تەرەپ قىلىپ، «مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش تا-
لونى» كېسىپ بېرىپ، قانۇنغا خىلاپ ئېرىشكەن مالى-
يىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پۇلنى ئۆزى تۇتۇپ قالغان.
بۇنداق ئىشتىن بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغان، پۇلنىڭ
تەپتىش مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇلغانلىقى دۆلەت مالىيە-
سىگە تاپشۇرۇش ئورنىغا دەسسەتكەن ھەم جىنايەت قىل-
مىشى تۈپەيلىدىن ئېرىشكەن ھارام مال- مۈلۈكلەر مۇ-
سادىرە قىلىنىدۇ ياكى مالىيىگە تاپشۇرۇلىدۇ دېگەن ئالا-
قىدار نىزاملارغا «مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى ئىجرا
قىلىدىغان ئىنتىزامغا خىلاپ ھارام ماللارنى، پۇللارنى
مۇسادىرە قىلىش، باشقۇرۇش چارىسى» غا خىلاپلىق
قىلغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىقتىسا-
دىي پائالىيەتلەردىكى ھەر ئىككى تەرەپ ئوچىتىن يۇقىرى
قانۇن مۇناسىۋىتىگە چېتىلغان بولۇپ، تەكشۈرگەندىمۇ
ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئۇنىڭ قايىسى قانۇن
مۇناسىۋىتىگە كىرىدىغانلىقىنى ئوچۇقلاشتۇرۇۋېلىپ،
مۇناسىپ ھالدىكى نىزام، بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تە-
رەپ قىلىش كېرەك.

قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش جەريانىدا يو-
لۇققان «قانۇن تورى» مۇناسىۋىتى ئالدىدا قانۇن- ئىن-
تىزامنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ،
يۇقىرى قانۇن بىلىملىرى ماھارىتىنى ئىگىلىشى لازىم.
قانۇن- ئىنتىزامنى ئىجرا قىلغۇچى سۈپىتىمىز بىلەن
قانۇن ئاتا قىلغان نازارەت قىلىش، تەربىيىلەش، جازا-
لاش، قوغداش فۇنكسىيىمىزنى ئۆتۈشلۈق ئادا قىلىش
ئۈچۈن، نىزاملاردىكى، بەلگىلىمىلەردىكى بىلىملەر
بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى بىر قانچە مەسى-
لىدىكى بىرلا قانۇن مۇناسىۋىتى ۋە بىر ئىشتىكى بىر
قانچە قانۇن مۇناسىۋىتىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولمى-
غاندا، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن- ئىنتىزام
ئىجراسىنى نازارەت قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشالماي
قالىمىز. شۇڭا، پارتىيە ئىچىدىكى قائىدە- نىزاملار،
مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىدىكى قانۇن- نىزاملارنى
پىششىق بىلىۋېلىشتىن سىرت، يەنە نىشانلىق ھالدا
تۈرلۈك قانۇن- نىزاملارنى ۋە ھەر بىر ساھە، كەسىپنىڭ
دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمى-
لەرنى ئۆگىنىش نۆۋەتتە بەكمۇ زۆرۈر، مۇشۇنداق
قىلغاندا ئاندىن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن-
ئىنتىزام ئىجرا قىلىشتىكى «قانۇن تورى» مۇناسىۋىتى-
نى ئوچۇق بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇن بويىچە نازارەت قى-
لىش مەسئۇلىيىتىمىزنى ئۆتۈشلۈق، توغرا ئادا قىلا-
لايمىز.

(ئاپتور توقسۇ ناھىيىلىك ئىنتىزام
تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن)



# كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى قانۇن، نىزاملارغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك

ئابدۇۋەلى مامۇت

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، كەنتلەردىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خېلى كۆپ كەنتلەردە كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى تۈزۈلۈپ، كەنتلەردىكى ئىشلار ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ھەرىكەتلىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى. كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇشىدىكى بىر خىل شەكىل بولۇپ، ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى شۇ كەنتلەرنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىلگىرى سۈرۈش، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كەنتنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا تېگىشلىك ئىجابىي رول ئوينىدى.

بىراق، ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بەزى كەنتلەردە تۈزۈلگەن كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىلىرىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. يەنى بەزى كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىدە شۇ كەنتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەش مەقسەت قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قىسمەن ماددىسى ياكى مەزمۇنلىرىدا دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرى ۋە سىياسەتلىرىگە خىلاپ بولغان مەزمۇنلار كۆرۈلۈپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا ۋە قانۇنلۇق مال - مۈلكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ئىشلار كۆرۈلدى. مەسىلەن، بەزى كەنتلەردە تۈزۈلگەن كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىدە «ئۆگىنىشكە قاتناشمىغانلارغا × ×يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ»، «× ×نى ۋاقتىدا ئورۇنداپ بولالمىسا × ×يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ»، قوشنىلار بىلەن جېدەل قىلغانلار ياكى كەنتتە ئۇرۇش - تالاش قىلغانلارغا «× ×يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ» ...دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن.

كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى تۈزۈشتىكى مەقسەت، مۇددىئا، چىقىش نۇقتىسى ھەقىقەتەن توغرا بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى چوقۇم دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرى ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. يۈزەكى بايقىغان بەزى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىنىڭ مەزمۇنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ھەممىلا ئادەم بىلىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، بىراق ۋاقتى كەلگەندە ئىجرا قىلىش قىيىنغا توختىغان. كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىدە جەرىمانە قويۇش قاتارلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان بىر يۈرۈش ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ قالايمىقان بولۇپ كەتكەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىنىڭ بەزىلىرىدە شۇ كەنتنىڭ ئالاھىدىلىكى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. دائىم دېگۈدەك باشقا كەنتلەرنىڭكىدىن كۆچۈرگەن. بۇنداق بولغاچقا كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىدىن ئىبارەت رولىنى ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرغىلى بولمىغان؛ بۇنىڭدىن باشقا كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى كۆپىنچە ھاللاردا كەنت كادىرلىرىنىڭ «ئىرادىسى» بويىچە تۈزۈلگەچكە، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئامما دېگەندەك چۈشىنەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. بەزىلىرى تۈزۈلۈپ، تامغا چاپلىنىپلا، پەقەت تەكشۈرگۈچىلەرگە كۆرسىتىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان.

كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى زاۋۇت ۋە مەكتەپ قائىدىسىگە ئوخشاش بولۇپ، پەقەت چەكلىك دائىرىدىلا ئۆز رولىنى كۆرسىتەلەيدۇ. شۇڭا ئۇ قانۇن كۈچىگە ئىگە ئەمەس. ئۇ بىرەر مەمۇرىي نىزاممۇ ئەمەس. شۇڭا، ئۇنى قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋېلىشقا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇۋېلىشقا بولمايدۇ. كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن تۈزۈلۈشى كېرەك. كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىدە قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەرگە خىلاپ مەزمۇنلار بولۇپ قالسا، ئۇ قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەرنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. كەنت ئاھالىسىگە خاتا چۈشەنچە بېرىپ قالىدۇ ياكى قانۇن، نىزام، سىياسەتلەرنىڭ رو-

لىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ؛ دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزام، سىياسەتلىرىگە خىلاپ بولغان كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى داۋاملىق يولغا قويۇلسا، كەنت كادىرلىرى خىزمەت ئۇسۇلىدا ئاددىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، جەرىمانە ئېلىشنى تەربىيىلەشنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشتىن، جەرىمانە ئېلىشنى قانۇنلاشتۇرۇشتەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىنى تۈزگەندە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1) كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە تۈزۈلۈشى كېرەك. «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 20 ـ ماددىسىدا: «كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسى، كەنت قائىدىسى ئاھالە ئەھدىنامىسى ۋە كەنت ئاھالە يىغىنى ۋە كەنت ئاھالىلە ۋەكىللىرى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلغان ئىشلار ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىگە زىت بولماسلىقى، ئۇنىڭدا كەنت ئاھالىسىنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە قانۇنىي مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان مەزمۇنلار بولماسلىقى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. زىت بولماسلىق كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى تۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى تۈزگەندە دۆلەت قانۇنى، نىزاملىرى ۋە سىياسەتلىرىنى بىخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇش، كەنتنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا قالايمىقان جەرىمانە قويىدىغان، كەنت ئاھالىسىنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان مەزمۇنلار بولماسلىقى كېرەك. كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى تۈزۈلگەندە كەنت كادىرلىرى ۋە ئاھالىسىگە قانۇن، نىزاملار ۋە سىياسەتلىرىنى توغرا تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىنى تۈزۈشكە توغرا يېتەكلەپ، قانۇن، نىزاملارنى ئاساس قىلىش، ئۇلارغا زىت بولۇپ قالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

2) دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلۇشى لازىم. كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىنى پۈتۈن كەنت ئاھالىسى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقىشى، دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدىغان، كەنت كادىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر كەنت ئاھالىسى چوقۇم رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت قائىدىسى بولۇشى لازىم. كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىدە كەنت ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممىلا تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. بۇنىڭدا كەنت مەنپەئىتى بىلەن كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلسە، مۇئەييەن يۈكسەكلىككە ۋە يولغا قويۇشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى تۈزگەندە تەشۋىق ـ تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئاڭلىقلىقىنى قوزغاپ، مۇشۇ ئاساستا ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ھەر بىر ماددا، ھەر بىر مەزمۇن ئۈستىدە كەنت ئاھالىسىگە كۆپرەك سۆزلەپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ تولۇق مۇزاكىرىسىگە قويۇش لازىم. بۇ يول بىلەن تۈزۈلگەن كەنت قائىدىسى ۋە ئاھالە ئەھدىنامىسىنى كەنت ئاھالىسى قوللايدۇ، رىئايە قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئۆز رولىنى ھەقىقىي تۈردە نامايان قىلالايدۇ.

3) ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش لازىم. ھەر قايسى جاينىڭ ئۆز شارائىتى، ئۆز ئەھۋالى بولىدۇ. كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىنى تۈزگەندە شۇ كەنتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش، شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، كەنتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە باشقا ئامىللارنى تولۇق ئويلاش لازىم. كەنت ئاھالىسىنىڭ توغرا پىكرى ۋە تەلەپلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىش، ھۆرمەت قىلىش لازىم. كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسى تۈزگەندە باشقىلارنىڭكىنى كۆچۈرۈپ كېلىشتىن، كەنتنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ كېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

4) نازارەتچىلىك كۈچەيتىلىش لازىم. «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 20 ـ ماددىسىدا: «كەنت ئاھالە يىغىنى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسىنى ۋە كەنت قائىدىسى ۋە ئاھالە ئەھدىنامىسى تۈزۈپ ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزسە بولىدۇ ھەم ئۇنى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. يېزا ـ بازار بىر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگىنى. شۇڭا ئۇ ئۆز دائىرىسىدىكى كەنتلەردە تۈزۈلگەن كەنت قائىدىسى، ئاھالە ئەھدىنامىسىنى ئەنگە ئېلىش ھوقۇقى بار. تەكشۈرۈپ بېكىتىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت قانۇن، نىزاملىرىغا خىلاپ مەزمۇنلار بولۇپ قالسا دەرھال تۈزىتىش ۋە ئۆزگەرتىش لازىم.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يېزا ئىگىلىك كومىتېتى ئىشخانىسىدىن)

# قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش — جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاشنىڭ تۈپ كاپالىتى

ئابلىمىت توختى

جەمئىيەت ئامانلىقىنى
ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى
كاپالەتلىك قىلىش — شىنجاڭ
خىزمىتىدىكى بىر چوڭ ئىش. مۇ-
قىملىق بولغاندىلا تۈرلۈك خىزمەت-
لەرنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇپ،
زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەت-
كىلى، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش
نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.
مۇقىملىقنى كاپالەتلىك قىلىش ئۈ-
چۈن جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈپتىن
ياخشىلاپ، ئاساسنى پۇختا تۇرغۇ-
زۇش، مۇقىملىقنىڭ ھۇل تېشىنى
مۇستەھكەملەش لازىم. جەمئىيەت
ئامانلىقىنى تۈپتىن ياخشىلاشتا
ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر نا-
ھايىتى كۆپ بولسىمۇ، قانۇن ئار-
قىلىق ئىدارە قىلىش — جەمئىيەت
ئامانلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى-
لاشنىڭ كاپالىتىدۇر. بۇ نۇقتىنى
دەلىللەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن
جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاش
بىلەن قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قى-
لىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈ-
شىنىش زۆرۈر. جەمئىيەت ئامانلى-
قىنى ياخشىلاش خىزمىتى ئىدىئو-
لوگىيىنىڭ كۆپ تەرەپلىرىگە،
جۈملىدىن سىياسەت، تەدبىرلەرگە
قەدەر چېتىلسىمۇ، قانۇن ئارقىلىق
ئىدارە قىلىشنى شەرت قىلماي تۇ-
رۇپ، ئۆزىنىڭ مەقسەت - تەلەپلىرى-
نى ئورۇندىيالمايدۇ. ئېنىقراق
ئېيتقاندا، ئىدىئولوگىيىنىڭ باشقا
ھەر قانداق بىر تۈرى جەمئىيەت ئا-
مانلىقىنى تۈپتىن ياخشىلاشتا قانۇن
ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئورنىنى
باسالمايدۇ ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەر
خىل چىگىش، رەڭگارەڭ زىددىيەت
ۋە مەسىلىلەرنى قانۇن قورالىدەك ئا-
دىل، كەسكىن بىر تەرەپ قىلالمايدۇ
. شۇڭا، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك
ئىشلارنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قى-
لىش ۋە قانۇن ئارقىلىق بىر تەرەپ
قىلىش ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.

ھازىر جەمئىيەت ئامانلى-
قىنى ياخشىلاش جەھەتتە نۇرغۇن
خىزمەتلەر ئىشلىنىۋاتىدۇ. ئادەم
كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈ-
چىنىڭ سەرپىياتىمۇ خېلىلا يۇقى-
رى. ئەمما، بەزى چىگىش، مۇرەك-
كەپ مەسىلىلەر تۈپ ئاساسىدىن ھەل
قىلىنماي، كۆرۈنۈشتە ياخشى، ما-
ھىيەتتە مۇرەككەپ، ۋاقىتىنچە تىنچ،
ئەمما ئىشەنچىسىز نۇقتىلار خېلىمۇ
مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى سە-
ۋەبلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغاندا،
ئاساسلىقى يەرلىك سىياسەت ۋە تەد-
بىرلەر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخ-
شىلاش خىزمىتىدە ئاساسىي سال-
ماقنى ئىگىلەپ، قانۇن ئارقىلىق
ئىدارە قىلىشنىڭ گەۋدىلىك ئورۇنغا
قويۇلمىغانلىقىدا، جەمئىيەتتە يۈز
بەرگەن تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسى-
لىلەرنى قانۇن ئارقىلىق ئەمەس،
بەلكى ئايرىم سىياسەت بەلگىلىگۈ-
چىلەرنىڭ خاھىشى بويىچە بىر تەرەپ
قىلىپ، مەسىلىلەرنى نېگىزىدىن
ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا يېگىدىن

قىزىق نۇقتا پەيدا قىلىپ، مەسىلىلەرنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىدە. شۇڭا، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈپتىن ياخشىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قانۇننى «تۇر» گە چىقىرىپ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن تۈرلۈك ھادىسىلەرنى قانۇنىي يول ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

1. قانۇن ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى زور كۈچ بىلەن ئاشۇرۇش لازىم. ھازىر 3 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ 4 ـ يىلى. بۇ جەھەتتىكى پىلان ـ تەدبىر ۋە نىشانلار بېكىتىلگەن بولسىمۇ، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى بوشلۇقتا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئادەتتىكى كادىرلار ۋە ئەدلىيە تارماقلىرىدىكى خادىملارنىڭ قانۇن ئۆگىنىشى بىر قەدەر چىڭ تۇتۇلغان بولسىمۇ، سىياسەت ـ تەدبىر بەلگىلەيدىغان رەھبىرىي كادىرلار بىلەن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا شەكىلۋازلىق قىلىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. يىغىنلاردا، سۆز ـ نۇتۇقلاردا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆپ بولسىمۇ، تۈپ ئاساسىدىن تۇتۇش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلەپتىن خېلىلا يىراق. تەشۋىقات ـ تەربىيىدە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتى سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ۋە يېزا ئىگىلىك خىزمەتلىرىگە سەرپ قىلىنىپ، تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتىدىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىدۇ. بىر دەرىجە يەنە بىر دەرىجىگە يالغىزراق دوكلات تەرزىسى تاپشۇرۇشىلا ۋەزىپە ئورۇندىلىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەقىقىي بىر قاتتىق كۆرسەتكۈچكە ئايلانمىدى. بۇنىڭ بىلەن پۇقرالار ئارىسىدا ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ قەدىمى ئاستا بولدى. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قانۇن، نىزاملارنى بىلمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى چۈشەنمەسلىكى جەمئىيەتتە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ ئۇچ ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا بىرىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە قاتتىق تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قانۇنغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىش، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، قانۇنغا تايىنىپ تەدبىر بەلگىلەش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، ئەدلىيە تارماقلىرى ۋە مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلاردىكى قانۇن ئىجراسىنى ئۈستىگە ئالغان خادىملارنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىنى يېنىكلىتىپ قانۇن ئۆگىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ساپاسىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈش، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قانۇن ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، بارلىق پۇقرالار ئارىسىدا ئاساسىي قانۇن، نېگىزلىك قانۇن ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن ـ نىزاملارنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن ـ تۈزۈم قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداش ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش لازىم. قانۇن تەشۋىقاتىنى ئاساسىي قاتلامغا يۈزلەندۈرۈشتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن، نېگىزلىك قانۇنلار ۋە پۇقرالارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىغا ئالاقىدار بولغان قانۇن ـ نىزام ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا ئالاقىدار قانۇن بىلىملىرى تەشۋىقاتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم. يېزىلاردا قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان ئاساسىي قاتلام ئۇل قۇرۇلۇشى خىزمىتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەر-

كەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى، بىخەتەر، مەدەنىي كىچىك رايون قۇرۇش پائالىيىتى قاتارلىقلارغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن تەشۋىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاشتىكى تۈپ نۇقتىدىن قارىغاندا، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ھەر قانداق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە رولغا ئىگە بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت تىنچ، خاتىرجەم مۇھىت بەرپا قىلىشتىكى ئاساس ھېسابلىنىدۇ. پۇقرالار قانۇننى بىلسە، ئىدراك قىلالىسا، قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا، ئۇ ھالدا پۇقرالارنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇشقا بۇنچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىش ھاجەتسىز. شۇڭا، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئارىسىدا قانۇن ئۆگىنىش دولقۇنىنى قوزغاپ، ئاممىنىڭ قانۇنچىلىق قارىشى ۋە قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، مۇقىملىقنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاش لازىم.

2. قانۇن مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. ئەدلىيە تارماقلىرى ۋە كەسپىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار مەۋقەنى ئاساسىي قاتلامغا قارىتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىل، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىشى، ئاساسىي قاتلامدا قانۇن مۇلازىملىق تور ـ نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، چەت ـ ياقا، نامرات رايونلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قانۇندىن بەھىر ئېلىش، قانۇندىن پايدىلىنىش، قانۇن بىلىملىرىنى ئىگىلەش شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. رەسىملىك كۆرگەزمە ئېچىش، قانۇن بىلىملىرىدىن مەسلىھەت بېرىش، ئادۋوكاتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تەشۋىقات تايانچىلىرىنى نۇقتىلىق تەربىيىلەش، ئاممىباپ ئوقۇشلۇقلار بىلەن تەمىنلەش، نۇقتىنى تاللاپ مەركەزلىك تەشۋىقات ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، قانۇن بىلىملىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈش، ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى پۇقرالارنى قانۇن بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇرۇشقا قارىتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈپتىن ياخشىلاشتىكى ئاساسنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ھەممە ئادەم قانۇننى بىلىدىغان، ئۆز ـ ئۆزىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدىغان، قانۇن ـ نىزاملارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان، قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى چەكلەپ تۇرىدىغان، سۆز ـ ھەرىكىتىنى قانۇن ـ نىزاملار ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرىدىغان پايدىلىق ۋەزىيەت بەرپا قىلىش لازىم.

3. پۈتكۈل جەمئىيەتتە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش جەمئىيەتتىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭلا ۋەزىپىسى بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىشى، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشتا ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر ئائىلە، ھەر بىر كەنت، ھەر بىر كەسىپ، ھەر قايسى تارماق ۋە ساھەلەرنىڭ باش تارتىشقا بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار. ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇش، ئۆز ئىشىكىگە پۇختا قاراش، ئۆزىنىڭ ئىشىنى بىجانىدىل قىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئالدى بىلەن ئىچكى قىسمىدىكى تەشۋىقات تەربىيىسىنى، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانچىكى بالدۇر ۋە ئەستايىدىل تۇتسا، شۇ ئادەم ياكى شۇ ئورۇننىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. ئائىلىنى، كەنتنى، مەكتەپنى، زاۋۇتنى، يېزىنى تۈزەشتە ئىشنى چوقۇم قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن باشلاپ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن شۇ ئورۇننىڭ ئامانلىق ئىشلىرى كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

4. جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنى چوقۇم قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش

لازىم. ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەسىلىلەرنى كۆزىتكىنىدە ۋە بىر تەرەپ قىلغاندا چوقۇم قانۇنغا تايىنىش، شەخسنىڭ مۇناسىۋىتى، خاھىشى ۋە مەنپەئىتىنى ئۆلچەم قىلماسلىق لازىم. قانۇن بولغانىكەن ئۇنىڭغا تايىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى سۈرۈشتە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىنچ ـ ئامان ۋە مۇقىم بولۇشىدىكى ئاچقۇچ. جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر قانۇنىي ۋاسىتە ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا توغرا ھەل قىلىنسا، ئۇنىڭ ئىجابىي جەھەتتىكى رولى ئىنتايىن زور بولىدۇ. ئايرىم كىشىلەرنىڭ خاھىشى بويىچە بىر تەرەپلىمە ياكى خاتا بىر تەرەپ قىلىنسا، يېڭىدىن قىزىق نۇقتا پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئادەتتىكى ئىشلار چوڭىيىپ كېتىشى، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. جەمئىيەتتە دىن مەسىلىسى ئەڭ نازۇك، سەزگۈر مەسىلە بولۇپ، دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى چوقۇم قانۇن ـ نىزاملارغا تايىنىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. «شىنجاڭدىكى ئەڭ زور خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت.» دىنىي ھەرىكەتلەرگە باھا بەرگەندە ئۇنىڭ نورمال قانۇنلۇق ھەرىكەت ياكى قانۇنسىز ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىپ، خاراكتېرىنى توغرا بېكىتىش، قايسى قانۇن، نىزام ياكى بەلگىلىمىنىڭ قايسى ماددىسىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىپ، ئاندىن قانۇنىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ھاراق ئىچمەيدىغانلار كۆپ، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ بولغان ئورۇنلارنى ھەددىدىن تاشقىرى مۇرەككەپ دەپ قاراپ، ئادەتتىكى ئىشلارنى مۇبالىغە قىلىپ، يەرلىك تەدبىرلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇۋەتكەندە خەلقنىڭ كۆڭلى ئازار يەپ قالىدۇ ـ دە، يېڭى، چىگىش مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بىرا ـ كىمنىڭ رەھبەرلىرىنى بېكىتىش، جازالاش جەريانىدا قانۇنىي تەرتىپلەرنىڭ تولۇق ھەم توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بىرلا تەرەپ ياكى شەخسنىڭ پىكرىنى ئاساس قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان، قانۇنىي جازا ئۆلچىمىگە توشمايدىغان ئوبيېكتلارنى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىشكە تاپشۇرۇش، جازالاشقا توغرا كەلسە چوقۇم جىنايەت پاكىتلىرىنى ئاساس قىلىش لازىم. جازالايدىغان ئادەم سانىنى ۋەزىيەتكە كۆرسەتكۈچى ھېسابىدا چۈشۈرمەسلىك، ئادەم جازالانمىغان ياكى ئاز جازالانغان ئورۇنلارنى تەكتىنى ئەگىلەش چوڭقۇر بولمىغان دەپ تەنقىد قىلىپ، ئادەمنى خاتا جازالاپ قويۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىكى لازىم. مەيلى مەركىزلىك تۈزۈش خىزمىتى ياكى بىخەتەر، مەدەنىي كىچىك رايون قۇرۇش بولسۇن قانۇن تەشۋىقاتى بىلەن قانۇن ئىجراسىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرگەندىلا، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈپتىن ياخشىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى، جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتا، مۇرەككەپ ئامىللارنى تۈگىتىپ، ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولغىلى بولىدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش — جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ھەممە ئادەم، ھەممە تارماق قانۇننى بىلىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلسا، جەمئىيەت ئامانلىقى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ۋاقىتلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە تەدبىرلەر ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلەش، پايتەك بولۇش ئورنىغا قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەر تۈردىكى ئىشلارنى قانۇن ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشقا يۈزلىنىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈپتىن ياخشىلاشنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش لازىم.

(ئاپتور يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن)

# پەرىشتىلەر ئىچىدىكى

ئابدۇكېرىم ئۆمەر
ئابدۇلىم ئابدۇكېرىم

— دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنىدىغان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەن ـ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە باشقارمىسى، سەھىيە نازارىتى ۋە «قامۇس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىشىپ نەشر قىلىدىغان «قامۇس» ژۇرنىلىغا ناھىيىمىز سەھىيە سىستېمىسىدىن تازغۇن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىمجاننىمۇ يوللاپ بېرىشنى قارار قىلدۇق. مۇمكىن بولسا بىۋاسىتە زىيارەت قىلىپ باققان بولساڭلا، ـ دېدى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت زۇنۇن بىلەن مۇئاۋىن باشلىقى گو فىڭلىڭ ئۇنىڭ بىر نەچچە ئالاھىدىلىكلىرىنى تىلغا ئېلىپ.

ئىيۇننىڭ 7 ـ كۈنى مەن ئاشۇ مەقسەت بىلەن تازغۇن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ ئابدۇرېھىمجاننىڭ ئىشخانىسىغا كىرگىنىمدە، ئۇ بىر ئەر بىمارغا ئاسما ئېسىۋاتقانىكەن.

— ياتاق يېتىشمەي قىلىۋاتىمىز، ـ دېدى ئابدۇرېھىمجان ئۆزئارا سالاملاشقاندىن كېيىن ئىزاھلاپ.

تازغۇن يېزىسىغا بارغان ئۈچ قېتىملىق زىيارەت داۋامىدا دوختۇرخانىدىكى تىببىي خادىملار ۋە ئامما بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىم، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمدىن مەلۇمكى، ئابدۇرېھىمجان توختى 1986 ـ يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنىستىتۇتىنىڭ داۋالاش كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، باكالاۋىرلىق ئىلمىي ئۇنۋان ئالغانىكەن. شۇ يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى بۆلۈمگە تەقسىم قىلىنىپ داۋالاش كەسپىگە كىرىشىپتۇ. 1990 ـ يىلى ئىچكى بۆلۈمنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپتۇ، 1994 ـ يىلى جىددىي كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپتۇ.

— 1994 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندىم، ـ دېدى ئابدۇرېھىمجان سىياسىي ھاياتىدىكى ئاشۇ خۇشاللىق مىنۇتلار ئۈستىدە ئەسلىمە سۆزلەپ.

ئابدۇرېھىمجان 1995 ـ يىلى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ تىببىي مەمۇرىيەت بۆلۈمگە ئالماشتۇرۇلۇپتۇ. ئابدۇرېھىمجان 1996 ـ يىلى تەشكىلنىڭ ئۆزىنى تازغۇن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باش-

# پىداكار كوممۇنىست

لىقلىقىغا يۆتكەش ھەققىدىكى قارارىنى ئاڭلىغاندا، شەھەردىن، ئىللىق ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ يېزىغا خوشاللىق بىلەن بېرىپتۇ.

تىببىي خادىملار ۋە قىسمەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ، يېزا مەسئۇللىرىنىڭ تونۇشتۇرۇپ بېرىشىچە، تازغۇن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، تازغۇن يېزىسىدىكى بىمارلار بۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ داۋالىنىشنى خالىماي، قوشنا يېزا (بازار) لاردىكى دوختۇرخانىلارغا ياكى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بېرىشقا يۈزلەنگەنلىكتىن، تازغۇن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى چۆلدەرەپ قالغان. كېسەل كەلمىگەنلىكتىن، بۇ دوختۇرخانىدىكى تىببىي خادىملار ئەتىدىن كەچكىچە 5 ـ 6 دىن بىر يەرگە يىغىلىپ پاراڭ سېلىپ كۈن ئۆتكۈزگەن. دوختۇرخانىدا 42 تىببىي خادىم بولسىمۇ، ئايمۇئاي ئىش ھەققىنى ئېلىشقا ئامالسىز قالغان، دوختۇرخانىدا 30 خاۋىلىك رېنتىگېن، بىر دانە ئېلېكتىر كارتىيوگىرامما، مىكراسكوپ قاتارلىق سايمانلار بولسىمۇ ئۇنى ئىشلىتەلەيدىغان دوختۇر بولمىغانلىقتىن، ئامباردا توپا بېسىپ تۇرغانىكەن. ئىقتىسادىي جەھەتتىن 203 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىكەن.

ئابدۇرېھىمجان يېڭى خىزمەت ئورنىغا كېلىپ خىزمەتكە چۈشۈپ، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، دوختۇرخانىنى خەلق ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى شىپا تاپقۇزىدىغان، ئىسمى جىسمىغا لايىق خەلق دوختۇرخانىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈستىدە ئىزدىنىپتۇ.

ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ مەدەت بېرىشى، تىببىي خادىملارنىڭ دېموكراتىك ھالدا تەكلىپ ۋە مەسلىھەت بېرىشى بىلەن، ئابدۇرېھىمجان بۇ دوختۇرخانىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ پىلان، چارە ـ تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپتۇ. «دوختۇرخانا باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «تىببىي خادىملارنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»، «تىببىي خادىملارنىڭ تىببىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى» تۈزۈپ چىقىپ، ھەر قايسى بۆلۈم ۋە خادىملار بىلەن توختام ئىمزالاپ، ۋەزىپە كۆرسەتكۈچلىرىنى بېكىتىپ، 15 كۈندە بىر قېتىم تۇرمۇش يىغىنى، ئايدا بىر قېتىم باھالاش يىغىنى ئېچىپ، ھەر بىر ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققىنى ئىش ئۈنۈمىگە چېتىلدۇرۇپتۇ. تىببىي خادىملارغا نىسبەتەن يەنە «مەن بىر بىمار بولغان بولسام» دېگەن تەلەپنى قويۇپ، بىمارلارنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ ۋە تەقدىرلەشنى قانات يايدۇرۇپ، تىببىي خادىملارنىڭ تىببىي ئەخلاقى، كەسپىي ئەخلاقى ۋە ئىستىلىغا نىسبەتەن يۇقىرى تەلەپ قويۇپتۇ. شۇڭا قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە دوختۇرخانا خىزمىتىدە گۈللىنىش، تىببىي خادىملارنىڭ ئىستىلىدا زور يۈكسىلىش بارلىققا كېلىپتۇ. تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈپ، دوختۇرخانىنىڭ مۇھىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش ياساپتۇ. بىمارلارمۇ ئەمدىلىكتە قوشنا يېزىلاردىكى دوختۇرخانىلارغا كەتمەي ئۆز يېزىسىدىكى دوختۇرخانىغا كېلىشكە باشلاپتۇ، ھەتتا قوشنا يېزىلاردىكى بىمارلارمۇ تازغۇن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا كېلىپ داۋالىنىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپتۇ.

ئابدۇرېھىمجان يەنە تىببىي خادىملارنىڭ مەدەنىيەت كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، قەرەللىك ھالدا مەدەنىيەت ۋە كەسپىي ئۆگىنىشكە تەشكىللەش بىلەن بىرگە، تىببىي خادىملارنى نۆۋەت بىلەن ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىلىرىغا، ۋىلايەتلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش تەربىيىلەش مەركىزىگە ئەۋەتىپ، تىببىي خادىملارنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپتۇ، مەخسۇس تېخنىك خادىم يېتىشتۈرۈپ، ئىلگىرى ئامباردا تۇرۇپ قالغان داۋالاش ئەسلىھەلىرىنى ئىشقا سېلىش بىلەن بىرگە، يەنە يېڭىدىن بىيچياۋ، مىكراسكوپ، 100 خاۋىلىك رېنتىگېن، بالا قىرىش ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، خېلى مۇرەككەپ كېسەللەرنىمۇ دىئاگنوز قويۇپ داۋالاشتەك ياخشى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپتۇ.

ئابدۇرېھىمجان دوختۇرخانىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىغا ئاساسەن دورا شىركەتلىرى بىلەن توختام تۈزۈپ، ئەرزان باھادا نېسى دورا كەلتۈرۈپ بىمارلارغىمۇ ئەرزان باھادا ھېسابلاپ، دورا قىممەت بولۇش مە

سىلىسىنى ھەل قىپتۇ. نەتىجىدە بۇ دوختۇرخانا خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ قەد كۆتۈرۈپتۇ. دوختۇرخانىنىڭ ئىلگىرىكى 103 مىڭ يۈەن قەرزىنى تۈگىتىپ، ئۆتكەن يىلى يەنە 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېرىپ قىلىپ، 20 ئېغىز (320 پىڭفاڭ) ئائىلىلىكلەر قورۇلۇشىنى قىلىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ئىختىساسلىق خادىملار يۆتكىلىپ كېتىدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىپتۇ. 2 ئېغىز ئاشخانا ئۆي سېلىپ، ھەر كۈنى چۈشتە بىر ۋاق تىببىي خادىملارنى ھەقسىز تاماق بىلەن تەمىنلەپ، تىببىي خادىملارنىڭ تاماق ئۈچۈن يىراققا كېتىپ قالىدىغان، بىمارلار قېشىدا دوختۇر، سېستىرا ئۈزۈلۈپ قالىدىغان قىلمىشلارغا خاتىمە بېرىپتۇ. ھازىر بۇ دوختۇرخانىنىڭ دورا ئامبىرىدا 60 مىڭ يۈەن قىممىتىدە 320 خىل دورا، مالىيىسىدە 97 مىڭ يۈەن مەبلىغى بار ئىكەن. بىرلا ۋاقىتتا 70 تىن ئارتۇق بىمارنى ياتاققا قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن.

مەدەنىيەت، كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆسكەن بۇ دوختۇرخانىدىكى تىببىي خادىملار، ھەر خىل سۇنۇق، سىرتقى زەخمە، يۈرەك موسكۇل تىقىلمىسى، نەپەس زەئىپلىشىش، دېھقانچىلىق دورىسىدىن زەھەرلىنىش، يۇقىرى ھەزىم يولى قاناش، مېڭە قان نوكچىسى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان شۇك قاتارلىق ئېغىر كېسەللەرنىمۇ داۋالاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن.

ئابدۇرېھىمجان 1989 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىنمۇ ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، يېڭى ـ يېڭى رېتسېپلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، «يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى»، «دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن زەھەرلىنىش ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇش» دېگەن تېمىدا يازغان ماقالىسى «شىنجاڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغانىكەن. ھازىر «دوختۇرخانا باشقۇرۇش ئىلمى» ھەققىدە ئىلمىي ماقالە يېزىۋېتىپتۇ.

ئابدۇرېھىمجان 1992 ـ يىلى قەشقەر تىببىي تېخنىكومىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 2 ـ دوختۇرخانىدا ئاشقازاننى ئەينەك ئارقىلىق تەكشۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپتۇ.

1993 ـ يىلى ئىچكى كېسەللىكلەر بويىچە مەسئۇل ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپتۇ.

20 كەنت 109 مەھەللىدە 22 مىڭ 400 نوپۇسقا ئىگە، ناھىيە مەركىزىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ يېزىدا ئابدۇرېھىمجان يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى، مەدەت بېرىشىگە تايىنىپ، كەنت، مەھەللە، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ تەكشۈرۈش، داۋالاش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرگە، سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش ھەققىدە تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ باشلانغۇچ سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپتۇ.

ئابدۇرېھىمجان گەرچە ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ياتاقتا يېتىپ، قاتتىق نان غاجىلاپ، بەزىدە سوغۇق سۇ ئىچىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزسىمۇ تەشكىلگە بىرەر قېتىممۇ ھال ئېيتماپتۇ. ئائىلىسى بار ئورۇنغا، شەھەرگە يۆتكىلىش تەلىپىنىمۇ قويماپتۇ.

ئابدۇرېھىمجان يۇقىرىقىدەك نەتىجە ۋە ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكى چاغلىرىدىمۇ ھەر يىلى «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ، دوختۇرنا تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەنىكەن. تازغۇن يېزىلىق دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيانمۇ ھەر يىلى «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ، يېزا ۋە ناھىيە تەرىپىدىن مۇكاپاتلىنىپتۇ. بۇ يىل يەنە ناھىيە دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالىنىپتۇ.

تازغۇن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىمۇ 1996 ـ يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى «ئىككى مەدەنىيلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «سەھىيە ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالىنىپ، يېزا ۋە ناھىيە تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپتۇ.

**(ئاپتورلار قەشقەر يېڭىشەھەر ياپچان بازارلىق ھۆكۈمەتتىن)**

# ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى

[ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى ئىشخانىسى ئومۇمىي خەۋەر تارقىتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوللاشنى تەلەپ قىلدى]

ئەسلىدىكى ئىلاۋە: ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش خۇ چاڭگېن كۆرۈپ چىقىپ مۇھىم تەستىق سالدى. ئۇ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ ھەر يىلى ناھىيە (شەھەر) لىك، يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ۋە خىزمەتلىرىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى ئالماشتۇرغانلىق ئۇسۇلىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملاردىن ھەر يىلى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى مەخسۇس ئاڭلاپ، بەزى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە ئارقىلىق ھەل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ۋە قوللاشنى، خەلق قۇرۇلتىيىدا ھازىر ساقلىنىۋاتقان بەزى قىيىنچىلىقلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، تەدرىجىي ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تارقىتىپ، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئۆگىنىدىن پايدىلىنىشىنى ھەمدە خۇ چاڭگېن شۇجىنىڭ تەستىق يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سورايمىز.

ۋىلايەتلىك پارتكومغا:

ناھىيە، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە چۈشىنىش، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇنىياز مەھەممەت، خىزمەت كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ جىڭسەن، خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ لياڭجى قاتارلىق يولداشلارنىڭ باشلامچىلىقىدا، 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشتىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىنى ئىلگىرى ـ ئاخىر ئىككى قېتىم تەكشۈردۇق. تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ شەھەر ئىقتىسادى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدۇق، پېشقەدەم كادىرلارنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سورىدۇق. كەلپىندە چىلان قاتارلىق ئۈچ يېزىنىڭ، ئۇچتۇرپاندا يامانسۇ، ئاقيار قاتارلىق يېزىلارنىڭ دېھقانلارنى كۆچۈرۈش خىزمىتى، نامرات يېزا ـ كەنتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، شۇنداقلا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈردۇق. 10 قېتىمدىن كۆپرەك سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ناھىيە (شەھەر) لىك، يېزا (بازار) لىق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ھەم خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايون، ناھىيە (شە-

ھەر) ، يېزا (بازار) ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە-
كىللىرى ھەم قىسمەن دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن
سۆھبەتلەشتۇق. پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ،
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل
قىلدۇق. خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھەر بىر
جايغا بارغاندا دوكلات ئاڭلاش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش بىلەن
بىرگە، كۆپچىلىككە پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك فاڭ-
جېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدۇق، قانۇن ساۋاتلى-
رىنى سۆزلىدۇق، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت
نىڭ ئېلىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانى-
سىغا ياۋۇزلارچە ھۇجۇم قىلغانلىق جىنايى ھەرىكەتلىرى-
نى قاتتىق ئەيىبلىدۇق ھەمدە جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە
بىرلەشتۇرۇپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا سۆز قىلىپ،
ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى، ھەر دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن ئۆگىنىشىنى
كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت-
لەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، رولىنى جارى قىلدۇرۇپ،
پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى-
نى ياخشى تۇتۇشىغا ياردەملىشىپ، ئۆز جايىنىڭ ئىق-
تىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن
تۆھپە قوشۇشىنى تەلەپ قىلدۇق. بۇ قېتىمقى تەكشۈ-
رۈشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى، ۋىلايىتىمىز-
دىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت
ئەھۋالىنى ئىگىلىدۇق ۋە چۈشەندۇق، شۇنداقلا ساقلانغان
بەزى مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنىمۇ بايقىدۇق. تەكشۈ-
رۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات تۆۋەندىكىچە:

**1. ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتاي-
لىرى خىزمىتىدىكى ئاساسلىق ئەھۋال**

ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتايلىرى
1998 - يىلى ئەتىيازدا نۆۋەت ئالماشتۇرغاندىن بۇيان، ۋى-
لايەتلىك پارتكوم، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملارنىڭ
توغرا رەھبەرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىز-
مەت كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نە-
زەرىيىسىنى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى، 15 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى
يېتەكچى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى
كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى
تۈرتكە قىلىپ، مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق 9 -
نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ روھى ۋە ۋى-
لايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى
ئومۇميۈزلۈك توغرا، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆز
ناھىيە (شەھىرى) نىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىم-
لىق ئومۇملىقى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇ-
شىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، پارتىيىنىڭ
مەركىزىي خىزمىتى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى كۆ-
ڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى زىچ چۆرىدەپ،
خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، قانۇن ئاتا
قىلغان تۈرلۈك ھوقۇقلارنى خېلى ياخشى يۈرگۈزگەن.

بىرىنچىدىن، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ
تۇرۇپ، پارتكومنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىشىگە
ئاكتىپ ماسلاشقان ۋە ئۇنى قوللىغان. ناھىيە (شەھەر)
لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيە
رەھبەرلىكىگە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتتە يول-
يورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە پارت-
كومغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ يوليورۇق سوراپ، پارت-
كومنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، ئومۇمەن خەلق قۇرۇل-
تىيى قانۇن بويىچە چاقىرغان دائىمىي ھەيئەتلەر يىغى-
نىغا پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى قاتنىشىپ
يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىشتا چىڭ تۇرغان.
ھەر قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قاراپ چى-
قىدىغان مۇھىم مۇھاكىمە تېمىلىرىدا ئاۋۋال پارتكومنىڭ
پىكرىنى ئېلىپ، پارتكومنىڭ پىكرىنى قانۇنىي شەكىل
ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بې-
كىتمە، قارارلىرىدا گەۋدىلەندۈرگەن. پارتكوملارمۇ خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ،
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ساقلانغان قىيىنچىلىقلار-
نى ۋاقتىدا ھەل قىلغان، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇناسى-
ۋەتلىك يىغىنلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقان ھەمدە مۇھىم
سۆز قىلغان، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق
يۈرگۈزۈشىنى، رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى قوللىغان؛
پارتكوم ئاچقان مۇھىم يىغىنلارغا خەلق قۇرۇلتىيى دا-
ئىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرىنى تەكلىپ بىلەن قات-
ناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرغان.
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيىنىڭ مەر-

كىزىپ ۋەزىيەتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا خىزمەتنى پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، پارتكومنىڭ مۇقىملىق، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشىغا ياردەملەشكەن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋەزىپىلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، ھەر بىر رەھبەر بىردىن ئۈچكىچە يېزا - بازارنىڭ مۇقىملىق، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمەتلىرىنى تۇتۇپ، دائىم دېگۇدەك يېزىلارغا بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ تۈرلۈك چارە - ئاماللارنى تېپىشىغا، غەم - ئەندىشىدىن خالىي بولۇشىغا ياردەم بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رولىنى خېلى ياخشى جارى قىلدۇرغان.

ئىككىنچىدىن، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك خىزمىتى سالمىقىنى كۈچەيتكەن. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىن بۇيان، ناھىيە (شەھەر) لىك يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نازارەتچىلىك شەكلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، نازارەتچىلىك قىلىش - چەكلەش بىلەن قوللاش، ئىلگىرى سۈرۈشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرگەن. ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى كومىتېت ئەزالىرى سانلىق يىغىننى ۋاقتىدا ئېچىپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ، قاراپ چىقىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا سەككىزدىن توققۇز قېتىمغىچە كومىتېت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرىنى تۈزۈپ چىققان؛ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش مۇھاكىمە قائىدىسى، خىزمەت تۈزۈمى قاتارلىقلارنى تۈزەتكەن ۋە تۈزۈپ چىققان؛ ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ ئون نەچچە قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ۋە مۇناسىۋەتلىك خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلاپ قاراپ چىققان؛ دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى قاراپ چىقىدىغان تېمىلارنى چۆرىدەپ كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەپ، زور مىقداردا بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلاپ، يىغىننىڭ تۈرلۈك دوكلاتلارنى ياخشى قاراپ چىقىشى ئۈچۈن ئۇل سالغان. يىغىندىن كېيىن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا يىغىن خاتىرىسى شەكلى ئارقىلىق ئاساسلىق قاراپ چىققان پىكىر ۋە تەۋسىيەلەرنى رەتلەپ يىغىپ، ئۆز ۋاقتىدا ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مۆھلەت ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئاممىنىڭ ئەرزى ۋە كەلگەن خەت - چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى قىلىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، تۈرلۈك ئەرز - شىكايەت، دەۋا ۋە ئەرزىيەتلەرنىڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئىش تەقسىم قىلىنىشۋېلىپ، مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىرى ئەرزىيەت ئىشلىرىنى بىۋاسىتە تۇتۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تۈرلۈك ئەرز - شىكايەتلەر، دەۋا - دەستۇر، ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئىنكاس قىلىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، زىددىيەتنى پەسەيتىپ، ئۆز ناھىيە (شەھىرى) نىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

ئۈچىنچىدىن، قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، قانۇننىڭ كەسكىنلىكىنى قوغدىغان. قانۇن خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئاتا قىلغان قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ناھىيە (شەھەر) لىك يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىش مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىش بېجىرىشتە قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىش، ئۆز مەمۇرىي رايونى ئىچىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدا قانۇن بويىچە قارار چىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. ئومۇ-

مەن، قانۇنني بەلگىلىمە بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قارار قىلىدىغان مەسىلىلەر بولىدىكەن، ئۆز ۋاقتىدا ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلىشىپ، قانۇن بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ قارار قىلىشىغا سۇنۇپ، ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ قانۇن بويىچە قارار چىقىرىش، ئىجرا قىلغۇچى ئورگاننىڭ قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىش كەسكىنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدىكى بېكىتمە، قارارلارنىڭ قانۇنلۇق ئاساستا ئۈنۈملۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان.

تۆتىنچىدىن، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن. ناھىيە (شەھەر) لىك يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلغاندىن كېيىن، قانۇن ئاتا قىلغان ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىش قىلىشتا قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىش بىلەن پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، قانۇنني تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىگەن. ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ھاكىم (شەھەر باشلىقى) نى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىغا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگۈچى خادىملارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگۈچى خادىملارنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى سورىغان سوئالغا جاۋاب بەرگۈزۈش ئارقىلىق، ئاندىن ئىسىمسىز بېلەت تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ھەمدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەرگە ۋەزىپىگە تەيىنلەش گۇۋاھنامىسى بېرىش يىغىنلىرىنى ئاچقان، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم شۇجىسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ھاكىم (شەھەر باشلىقى) ئايرىم ـ ئايرىم يىغىندا سۆز قىلىپ، قاتتىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلغان خادىملارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ يىغىندا سۆز قىلىپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ۋەزىپىگە تەيىنلەش گۇۋاھنامىسى تارقىتىش يىغىنىنىڭ ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن خادىملارنىڭ مەمۇرىي ئىشلاردا قانۇنغا ئەمەل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، جانىدىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن. يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشىغا پۇختا ئۇل سالغان.

بەشىنچىدىن، ۋەكىللەر خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن. ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشىلاشقا، ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشكە، ۋەكىللەر ئالاقە باغلاش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ناھىيە (شەھەر) لەردە ناھىيە (شەھەر) لىك، يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پائالىيەت گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى گۇرۇپپا باشلىقلىقى، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ھەمدە ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلىپ، قانۇن ـ نىزام ۋە ۋەكىللەر خىزمىتىگە ئائىت ھۆججەتلەر ئۆگىنىش قىلىنغان، ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، گۇرۇپپا بويىچە تۈرلۈك شەكىلدىكى ۋەكىللەر پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغان. بولۇپمۇ بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ ئېلىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى ياۋۇزلارچە بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ۋەكىللەر قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى بەس ـ بەس بىلەن ئەيىبلەش يىغىنى ئېچىپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىنى

كۈچلۈك ئېيبلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن. كۆپ ساندىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ھەر يىلى ۋەكىللەر خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاپ تۇرغان، كۆپ قىسىم ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى ئۆگىنىش، سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىش، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈزۈملەشىش، قېلىپلىشىش يولىغا سالغان. ۋەكىللەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆسۈپ، ۋەكىللىك ئېڭى كۆرۈنەرلىك ئاشقان. ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىشلەپچىقىرىش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش قاتارلىق جەھەتتە نەمۇنىلىك ۋە باشلامچىلىق رول ئوينىغان.

ئالتىنچىدىن، يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك كۈچەيتىلىپ، يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلگەن. يېزا (بازار) لارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ھەيئەت رىياسەتىنىڭ يىغىنىنى ۋاقتىدا ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ ۋە قاراپ چىقىلىپ، شۇ يېزا (بازار) نىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى قانۇن بويىچە قارار قىلىنغان. خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىنى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرىغا تەكلىپ قىلىپ سىرتتىن قاتناشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، يىغىن ئارقىلىق تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلىپ، يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىگىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىپ، خىزمەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ھەمدە مۇۋاپىق پەيتتە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ئېلىپ بېرىلىپ، ۋەكىللەر ئارىسىدا «قوش ئىلغار» لىق پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلغان.

يەتتىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلگەن. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سانلىق يىغىنلىرىدا قانۇننى ئۆگىنىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەر قېتىملىق سانلىق يىغىندا يىغىن مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملار، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى، 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى قاتارلىقلار ئۆگىنىش قىلىنىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تەركىبىدىكىلەرنىڭ سىياسەت، نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە قانۇن بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىنغان. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئىش مۇھاكىمە قائىدىسى ۋە باشقا خىزمەت تۈزۈملىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ياكى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئورگاننىڭ يوقلىما، ئۆگىنىش، مالىيە، ماشىنا باشقۇرۇش ۋە پاك - ئىنتىزامچان بولۇش قاتارلىق جەھەتتىكى قائىدە - تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئورگان كادىرلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى كۈچەيتىلىپ، كەسپىي سەۋىيىسى ۋە ئومۇمىي خىزمەت ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلۈپ، ئورگان ئىستىلى ياخشىلانغان، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئېڭى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلگەن.

ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىرگە، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى شەھەر ئىقتىسادى ۋە يېزا خىزمىتى ئەھۋالىنىمۇ تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايون، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى ۋە قىسمەن دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، نۆۋەتتە ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان «قىزىق نۇقتا»، «قىيىن نۇقتا» مەسىلىلەرنى ئىگىلىدۇق. بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن، ئۇدا بىر قانچە يىل مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى، زوراۋان تېررورچىلارنىڭ باشلامچى

ئۇنسۇرلىرى ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي ئۇنسۇرلارغا نۇقتىلىق زەربە بېرىلىپ، بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىراق، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر يەنىلا بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. قىسمەن ناھىيىلەرنىڭ بەزى يېزا ـ كەنتلىرىدە نورمالسىز ئەھۋال يەنىلا مەۋجۇت، چۈمبەل تارتىدىغانلار، ساقال قويىدىغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر كۆپىيىپ قالغان، ئاز ساندىكى دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ھەرىكىتى نورمالسىز بولۇپ، ئۇلار توي ئويناشنى باھانە قىلىپ توپلىشىۋېلىپ، قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بارغان؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشى يېتەرسىز، خىزمىتى چوڭقۇر بولمىغاچقا، جايلاردا قىسمەن ئامما ھازىرقى ئاشلىق، پاختا باھاسىنىڭ تەڭشىلىشىنى چۈشەنمەسلىك، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تۆۋەن، دېھقانلارنىڭ سېلىنما تەننەرخى يۇقىرى، مەھسۇلات ئاشقان بىلەن كىرىمىنىڭ ئاشمىغانلىقىنى ئىنكاس قىلىدىغان ئەھۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان؛ يېزىلاردا سۇ، توك ھەققى يۇقىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى ۋە دېھقانلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئاپتونوم رايون سۇ ھەققىنى ئۆستۈرگەندىن كېيىن، ھەر قايسى جايلاردىكى دېھقانلار سۇ ھەققى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتتى، بىز بەرداشلىق بېرەلمەي قالدۇق دەپ ئىنكاس قىلىشقان. يېزىلاردا توك ھەققىمۇ ئاپتونوم رايون بەلگىلەپ بەرگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن؛ بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى قوپال ھەم ئاددىي بولۇپ، پوزىتسىيىدە ناچارلىشىپ، ئىستىلدا زومىگەرلىشىپ، ئاممىنى خالىغانچە ئۇرۇپ تىللاپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، پارتىيە بىلەن ئامما، كادىرلار بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزگەن؛ بەزى ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرىدە بيۇروكراتلىق ئىستىلى ئېغىر بولۇپ، يۇقىرىنى ئالداپ تۆۋەننى باسقان، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلغاندا، يالغانچىلىق ۋە كۆپتۈرمىچىلىك قىلغان، ۋەھاكازالار.

## 2. ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلار

ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى نۆۋەت ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، خادىملار يېڭى، ۋەزىپىلەر ئېغىر بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بارلىق پايدىسىز ئامىللارنى تۈگىتىپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە نەتىجە قازانغان. لېكىن تەكشۈرۈش جەريانىدا بىز بەزى مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇلار ئاساسلىقى مۇنۇلار:

بىرىنچى، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى نۆۋەت ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىگە يېڭىدىن كىرگەنلەر كۆپ، ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى چۈشىنىشىگە بىر جەريان كېتىدىغان بولغاچقا، بەزى رەھبەرلەر خىزمەتكە تولۇق كىرىشەلمەي، خىزمەت ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغان، خىزمەتتە تازا تەشەببۇسكار بولالماي، تېزدىن يېڭى ۋەزىيەت يارىتالمىغان. بەزى رەھبەرلەر مۇجىمەل تونۇشتا بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا چىققاندىن كېيىن، ئىككىنچى سەپكە چېكىندىم دەپ قاراپ، خىزمەتتە بوشىشىپ كېتىش كەيپىياتىدا بولغان؛ بەزى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تۈزگەن خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرى، نازارەتچىلىك مۇھىم نۇقتىلىرى تازا ئېنىق بولمىغاچقا، ئۈنۈمى ياخشى بولمىغان؛ قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ھازىرغا قەدەر ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇلىنى تولۇقلاپ سەپلىمەي، يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەن.

ئىككىنچى، قىسمەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاچقان سانلىق يىغىنلارغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھاكىم ياكى ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمنى سانلىق يىغىنغا قاتنىشىشقا ئۇقتۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يىغىنغا ئاز قاتناشقان، بەزىلىرى ھەتتا يىغىنغا

كېلىپمۇ قويمىغان.

ئۈچىنچى، قىسمەن ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى يېتەرلىك بولمىغان، پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئاچقاندا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرىنى سىرتتىن قاتنىشىشقا ئۇقتۇرۇش قىلمىغان.

تۆتىنچى، خىزمەت ماشىنىلىرى ئېغىر ھالدا يېتىشمىگەن. ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قۇرۇلغىنىغا 20 يىلغا يېقىن بولغان بولسىمۇ، ماشىنا شتاتى ئىزچىل ھالدا ئىككى دەپ بەلگىلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسى بېيجىڭ 212، ۋولگا ماركىلىق ماشىنا بولۇپ، ماشىنا باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاللىقاچان بۇ ماشىنىلارنى براكقا چىقىرىش ھەققىدە ئېنىق ئۇقتۇرۇش چۈشۈرگەن. قىسمەن ماشىنا بېيجىڭ 213، سەنلىڭ، سانتانا بولغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشى ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىشىغا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ يىلمۇيىل كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ماشىنىلار خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان.

بەشىنچى، خىراجەت يېتىشمەسلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت ئورگانلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان قىيىنچىلىق بولۇپ قالغان. ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى رەھبەرلەر يېزا ـ مەيدانلارنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىگە ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولغاچقا، خىزمەت ۋەزىپىسى، يېزىغا چۈشۈش ۋەزىپىسى ئېغىرلىشىپ، كاماندىروپكا چىقىمى كۆپىيىپ كەتكەن، ناھىيە (شەھەر) مالىيىسىدىن بېكىتىپ بەرگەن خىراجەت ئېغىر ھالدا يېتىشمىگەچكە، نورمال خىزمەت ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلالمىغان، بەزى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ماشىنىغا ماي قاچىلاشقىمۇ پۇل تاپالمىغان؛ بەزى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پائالىيەت خىراجىتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىن خىراجىتى قانۇن بويىچە تولۇق بۇيرۇپ بېرىلمەي، ۋەكىللەرنىڭ پائالىيىتى ۋە سانلىق يىغىن مەلۇم تەسىرگە ئۇچرىغان.

ئالتىنچى، خىزمەت شارائىتى ناچار. كەلپىن ناھىيىلىك، ئاۋات ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن تا ھازىرغا قەدەر كونىراپ كەتكەن كېسەك قۇرۇلمىلىق خەتەرلىك ئۆيدە ئىش بېجىرىپ كەلگەن، شىرە ـ ئورۇندۇقلىرى كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، يېڭىلاشقا خىراجەت چىقىرالمىغان. كەلپىن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ھازىرغا قەدەر خەت ئۇرۇش ماشىنىسى يوق بولۇپ، ھەر خىل ھۆججەتلەرنى باستۇرۇشتا ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتتىن ياردەم سورايدىكەن. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەش يىلدىن كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنىڭ قۇرۇلۇش خىراجىتى جەھەتتە ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1997 ـ يىلى ئون نەچچە ئېغىزلىق ئىشخانا سالغان بولۇپ، خىراجەت يېتىشمىگەنلىكتىن، ھازىرغا قەدەر قۇرۇلۇش پۈتۈپ بولالماي، خىزمەتتە قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن.

يەتتىنچى، خادىملار شتاتى ئاز. ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كادىرلار شتاتى قىس بولۇپ، ئادەتتە 15 ـ 25 شتات قىلىپ بېكىتىلگەن. بەزى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدا خىزمەتچى خادىملار ئۇزۇن مۇددەت كەمچىل بولغانلىقتىن، ئورگان رەھبەرلىرى ئۇزۇن مۇددەت كاتىپلىق، تەرجىمانلىق، خەت ـ ئالاقە تاپشۇرۇۋېلىش ـ تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزگەن.

تەكشۈرۈش داۋامىدا، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تەركىبىدىكىلەر ۋە ئورگان كادىرلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە، باشقا جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە تەشكىللىشى كېرەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى-

نىڭ رەھبەرلىرىگە تەكلىپ پىكىرلىرىنى ئۆتتۈرىغا قويدى.

### 3. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا تەكلىپ

ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى نۆۋەت ئالماشتۇرغاندىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە ساقلانغان بەزى مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا قارىتا، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىدىكى رەھبەرلەر ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتۇق، ئۇلارنىڭ تەكلىپ، پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتتۇق، ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەردۇق ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدۇق:

1) ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئاكتىپ تەشەببۇسكار ئىشلىشى، ئومۇمەن خىزمەت داۋامىدىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەردە پارتكومغا دوكلات قىلىپ يوليورۇق سوراپ، پارتكومنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاندىن قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەرگە ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا سۇنۇپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى قانۇنىي تەرتىپلەر ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم.

2) ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تەركىبىدىكىلەر دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى، 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ھەم ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدىكى بايانلىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، قانۇن ـ نىزاملارنى، بولۇپمۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارنى ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى كەسپىنى تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ؛ بىر قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خەلق قۇرۇلتىيى كەسپىنى تېزدىن ئىگىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى جەھەتتە كەسىپ ئەھلىلىرىدىن بولۇشى لازىم.

3) ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك خىزمىتى سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، نازارەتچىلىك مۇھىم نۇقتىسىنى توغرا تاللاپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى لازىم.

4) ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئاتا قىلغان ھوقۇقنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ئاساستا ئىش كۆرۈپ، ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەش ۋە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش داۋامىدا ساقلانغان قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنى قانۇن بويىچە تۈزىتىش، بىرەر قېتىملىق ئىش دەپ سالىۋات قىلماسلىق لازىم.

5) ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئىككى مەھكىمە نازارەتچىلىكنى قوبۇل قىلىش ئېڭىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى قوللاپ، خىزمەتنى ئورتاق ياخشى ئىشلىشى لازىم.

6) ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خىراجەت، ماشىنا، شتات، خىزمەت شارائىتى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە قوللاپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ نورمال قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

**جۇ ئى پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى**
**خىزمەت كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى**

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان يالقۇنجان ياقۇپنىڭ «يېزا خىزمىتىدىكى شەكىللۋازلىق ۋە ئۇنىڭ تەسىرى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى يېزا خىزمىتىنى ئىنچىكە ئۆگىنىشتىن كەلگەن بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە ماقالە بولۇپ، ئۇنىڭدا يېزا خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك شەكىللۋازلىق مەسىلىلىرى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. خۇددى ئاپتور ئېيتقاندەك يېزا خىزمىتى ئاددىي بولغىنى بىلەن چېتىلىدىغان دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان مۇرەككەپ خىزمەت.

يېزا خىزمىتى ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى پارتىيە ۋە

يېزا خىزمىتىنى ئاساسلىق تۇتۇپ ئىشلەيدىغان «ئەمەل» دارلارنىڭ قانۇن ئېڭى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئىرادىسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

2. يېزا خىزمىتىدىكى شەكىللۋازلىقنى تۈگىتىشتە يېزا، كەنت كادىرلار قوشۇنىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يېزا، كەنت كادىرلار قوشۇنىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش يېزا، كەنت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىزدىنىش روھىغا باي، جاپادىن قورقمايدىغان، بەلگىلىك سىياسىي ساپا ۋە ئۇنىۋېرسال بىلىم ساپاسىغا ئىگە، راستچىل، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئويلىغاننى ئويلايدىغان، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى شەرەپ بىلىدىغان كىشىلەرنى تاللاپ رەھبەرلىك

# «يېزا خىزمىتىدىكى شەكىللۋازلىق» نى تۈگىتىش توغرىسىدا

باتۇرجان ئاتىخان (تاجىك)

ھۆكۈمەت ئوبرازىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، يېزا خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش نۆۋەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرى. مېنىڭچە، يېزا خىزمىتىدىكى شەكىللۋازلىقنى تۈگىتىشتە ھەممە تەرەپ تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ شەكىللۋازلىق ئىللەتلىرىنى پاش قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا بولغان نارازىچىلىكنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. يېزا خىزمىتىدىكى شەكىللۋازلىقنى تۈگىتىشتە شەكىللۋازلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

شەكىللۋازلىق جەمئىيەتتە تەكرار يۈز بېرىپ تۇرىدىغان، داۋالاش قىيىن بولغان «كېسەللىكلەر» نىڭ بىرى. شەكىللۋازلىق خىزمەتنى يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق خىزمىتى دېيىشكە بولىدۇ. نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان يېزا خىزمىتىدىكى بەزى مەسىلىلەر دەل شەكىللۋازلىق ئىللەتلىرىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. شەكىللۋازلىق بىلەن باشلانغان خىزمەت تۆۋەندە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئويىنىشىپ ئۇلارنى ئالدىسا، يۇقىرىدا دۆلەت قانۇنىنىڭ، ئالاقىدار سىياسەت ـ فاڭجېنلارنىڭ ئوبرازىغا «داغ» تەككۈزۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنى ئالداۋاتىدۇ. شۇڭا، يېزا خىزمىتىدىكى شەكىللۋازلىقنى تۈگىتىشتە ئالدى بىلەن بۇ خىزمەتنى شۇ دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرى كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، شەكىللۋازلىقنى تەرغىپ قىلغۇچى ۋە شۇغۇللانغۇچىلارنى قاتتىق جازالاپ ئىبرەت قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ

ئورنىغا قويۇش كېرەك. ئىشىدىن گېپى تولا، كىرىم ۋە مەھسۇلاتنى دەپتەر يۈزىدە ئاشۇرىدىغان بىر قىسىم سىياسىي نەتىجە يارىتىش «چولپانلىرى» نى ھەرگىزمۇ يېزا، كەنت كادىرلار قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىنى قىلدۇرماسلىق كېرەك.

3. يېزا خىزمىتىدىكى شەكىللۋازلىقنى تۈگىتىشتە ئاممىنىڭ نارازىچىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

نارازىچىلىك ھوقۇقى بولسا ئاساسىي قانۇننىڭ پۇقرالارغا بەرگەن بىر تۈرلۈك چوڭ ھوقۇقى. پۇقرالار دەل مۇشۇ ھوقۇق ئارقىلىق ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسلەرگە بولغان نارازىچىلىكنى يۈرگۈزەلەيدۇ. شۇڭا، شەكىللۋازلىق خىزمىتىنى تۈگىتىشتە ئاممىنىڭ نارازىچىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى كۆپلەپ تەنقىد ۋە تەكلىپ ـ پىكىر بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. خىزمەت جەريانىدا ئاممىنىڭ پاش قىلىشىغا، توغرا تەلەپ ـ پىكىرگە ئېتىبارسىز قارايدىغان ياكى ئۇلاردىن ئۆچ ئالىدىغان ئىشلارنى قەتئىي توسۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاممىنىڭ نارازىچىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەكىللۋازلىق ئىللەتلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ياخشى خىزمەت ئىستىلىنى تۇرغۇزۇپ، دۆلەت خىزمەتچىلىرى بىلەن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلىغىلى، ئەڭ مۇھىمى يېزا ئىسلاھاتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

(ئاپتور ئاشغورغان ناھىيە ماتۇڭ يېزىلىق پارتكومىدىن)

# قەدىمكى ئۇيغۇر خەتتاتلىرى

تۆمۈر ھەسەن

1. چۈبەقالى

چۈبەقالى (620 ـ 677 ـ يىللار) گۈللەنگەن تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر خەتتات، كۆزگە كۆرۈنگەن سانغۇن. چۈبەقالىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ئەسلى غەربى يۇرتلۇق تۆلۈس قەبىلىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ماكانلاشقان، تاڭ پادىشاھىنىڭ ئۇلۇغ شىرمەن چەۋەندازلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ چوڭ سانغۇنى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، چۈبەقالى مۇقان خاقانىنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكى مەلۇم. جىنگۇەنىنىڭ 14 ـ يىلى (مىلادى 640 ـ يىلى) ئۇ باش بوغ خوجۇنجىكە ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن. يۇڭ خۈينىڭ 2 ـ يىلى (مىلادى 651 ـ يىلى) ئۇرۇشتا يەنە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، خانىنىڭ تارتۇقلىشىغا ئېرىشكەن. لوڭشونىڭ 6 ـ يىلى (مىلادى 661 ـ يىلى) ئۇ لياۋدۇڭنىڭ باش بوغلىقىغا تەيىنلەنگەن. يىفىڭنىڭ 2 ـ يىلى دۆلەتكە يۆلەكچى چوڭ سانغۇن، ئايماق تۇتۇقى قاتارلىق ناملارغا ئېرىشكەن. چۈبەقالى بىر ئۆمۈر ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، غەربى يۇرت خەلقى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. «تاڭنامە» ناملىق كىتابتا چۈبەقالى ئۈچۈن مەخسۇس تەزكىرە تۇرغۇزۇلغان «فېيۇن قىرائەتخانىسىدىكى ھۆسنىخەت ۋە رەسىملەر شەجەرىسى» « 佩文斋 书画谱 » ناملىق كىتابتا چۈبەقالى ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىلگەن.

2. كۆن سۆۋېنچ قايا (غۇربىتى)

كۆن سۆۋېنچ قايا (1286 ـ 1324 ـ يىللار) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاغلىق ئۇيغۇر خەتتات، مەشھۇر نەسرىي غەزەلچى، ماھىر رەسسام، تىياتىرچى مۇزىكانت. كۆن سۆۋېنچ قايانىڭ بوۋىسى ئىملى قايا ئەسلى جىمسارلىق كونا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بولۇپ، قۇبلەيخان ئۈز خىزمىتىگە قويغان. كۆن سۆۋېنچ قايا ئۇستا خەتتات بولۇپ يېتىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن بۇتخانا، ئىبادەتخانا، دەرۋازا ئۈستى ۋە باشقا ئاممىۋى زىيارەت ئورۇنلىرىغا نەپىس ھۆسنىخەتلەرنى يېزىپ بەرگەن. يۈەن سۇلالىسى تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ئۇ «ساۋشۇ 草书 » (خەنزۇچە ھۆسنىخەتلەرنىڭ بىر خىل تېز يېزىلىش شەكلى) غا كامىل ئىكەن. سەنئەتكارنىڭ خاڭجۇ ئەتراپىدىكى ھۆسنىخەت ئەسەرلىرى 400 يىلدەك ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى يىغىلىقتا يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر شاڭخەي موزېيىدا بىر قىسىم ھۆسنىخەت ئەسەرلىرى ساقلانماقتا.

3. بيەنلۇ

بيەنلۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر خەتتات ۋە رەسسام. كۇسەنلىك (ھازىرقى كۇچا ناھىيىسىدىن). ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى لۇشىڭ ( 鲁生 ) «رەسساملىق ئۆرنەكلىرى» ( 图绘宝 ) دېگەن كىتاب بىلەن «تارىخىي پۈتۈكلەر جەۋھەرلىرى» ( 书史会要 ) دېگەن كىتابلاردىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئۇستا خەتتات، ماھىر رەسسام ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بەزى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ ئۆز ئانا تىل ـ يېزىقىدىن باشقا سانسكرىت تىل ـ يېزىقىنى

پۈختا ئىگىلىگەن. بىراق خەتتاتنىڭ قانچە يېشىدا، قايسى جايدا ۋاپات بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

4. بايىن بۇقا تېكىن

بايىن بۇقا تېكىن (؟ ـ 1357 ـ يىللار) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر خەتتات، رەسسام. ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شاھزادىسى. «رەسساملىق ئۆرنەكلىرى» دېگەن ئەسەرنىڭ 5 ـ جىلدىدا كۆرسىتىلىشىچە، بايىن بۇقا تېكىن كىچىكىدىنلا تىرىشچان، زېرەك بولغاچقا، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانلىق ئوردا مەھكىمىسىگە قاراشلىق بۇددا ئىلىم مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان ھەم مۇزىكا، رەسىم، خەتتاتلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان. كېيىن دادىسى بىلەن خانبالىققا بارغاندىن كېيىن خانزادىلەر دىۋانىدا ئوقۇپ ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندە جياڭدوڭ (بوگۇزنىكى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار) غا تەپتىش ئەمەلدارى بولۇپ بارغان. يۇقىرىقى ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ خەتتاتلىقتا شۆھرەت قازانغان بولۇپ، ئۇنىڭ «ساۋشۇ خەت شەكلى توغرىسىدا» («论草书») ناملىق خەتتاتلىق نەزىرىيىسىگە ئائىت ئەسىرى داڭلىق. ئازادلىقتىن بۇرۇن «گۇگۇڭ ھەپتىلىك ژۇرنىلى» (故宫周刊) دا ئۇنىڭ بىر قىسىم ھۆسنىخەت ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

5. لىيەنشىگۇڭ 廉希贡

لىيەنشىگۇڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر خەتتات. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى شىياڭلىن. ئۇ يۈەن دەۋرىدىكى مۆتىۋەر زات لىيەنخەي قايانىڭ ئوغلى. ئۇ بىر مەزگىل جاۋۋىنگۇەن كۇتۇبخانىسىنىڭ ئۆلىماسى بولغان، ئۇ چوڭ ھۆسنىخەت يېزىشتا داڭ چىقارغان.

6. شىسەن 喜山

شىسەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەتتاتلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى جىنرېن (近仁) ئۇنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان.

7. يىن يې ناشىلى 隐也那失理

يىن يې ناشىلى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر خەتتات. يەنە بىر ئىسمى چۈيۈەن (处元). ئۇنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇ يۈەن سۇلالىسى مەدەنىيىتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان.

8. سارابان

سارابان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخشۇناس ۋە داڭلىق خەتتات. ئۇنىڭ تەخەللۇسى جىڭ چېن (敬臣) بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ھەمدە ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا ئىبادەتخانا ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىنىپ، ھۆسنىخەت يېزىشتا كارامىتىنى كۆرسەتكەن. جىجاڭنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادى 1343 ـ يىلى) يۈەن شۇندى سارابانى «جىن سۇلالىسى تارىخى» نى يېزىشقا بۇيرىغان. ئاخىرى ئۇ 135 جىلدلىق زور ھەجىملىك تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ كىشىنى ھەيران قالدۇرغان، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دىۋان مۇئەككىلى، ئوردا باش تەپتىش بېگى، مەسلىھەت ئامبىلى قاتارلىق مەنسەپلەردە ئولتۇرغان. بىراق سارابانىڭ چوڭ ھۆسنىخەتنى يېزىشتا ماھىر ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

9. تاڭ رېن زۇ 唐仁祖

تاڭ رېن زۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر خەتتات، ئۇنىڭ تۇغۇلغان، ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. يەنە بىر ئىسمى شۇ چىڭ (寿卿) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا تاڭ رېن زۇ ئۈچۈن تەزكىرە تۇرغۇزۇلغان. «فېي ۋېن قىرائەتخانىسىدىكى ھۆسنىخەت ۋە رەسىملەر شەجەرىسى» ناملىق كىتابنىڭ 37 جىلدىدا تاڭ رېن زۇ 16 مەشھۇر خەتتاتنىڭ بىرى دېيىلگەن ھەمدە ئۇنىڭ ھۆسنىخەت ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. تاڭ رېن زۇنىڭ ئوردا خەتتاتى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تاڭ رېن زۇ ئائىلىسى

خاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. تاڭ رېن زۇ دادىنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادى 1301 ـ يىلى) باش مىرزىلىققا ئۆستۈرۈلگەن.

10. سەيدۇللا

سەيدۇللا (1305 ـ 1355 ـ يىللار) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر خەتتات، رەسسام ۋە ئەدىب. سەيدۇللانىڭ تەخەللۇسى تيەنشى (天锡) بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى سالابۇقا بىلەن دادىسى ئالاشىلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن غەربىي يۇرتتىن ئىچكىرى ئۆلكىگە بېرىپ ئەمەلدار بولۇپ ئولتۇراقلاشقان. سەيدۇللا قابىل سەنئەتكار بولۇپ، شېئىر ـ ماقالە يېزىش، رەسىم سىزىش، ھۆسنخەت قاتارلىق جەھەتلەردە كامالەتكە يەتكەن. 1327 ـ يىلى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن جېجياڭ، فۇجيەن قاتارلىق جايلاردا ئەمەلدار بولغان. خەتتاتلىقتا سەيدۇللانىڭ «يۈگەپ يېزىش ئۇسلۇبى» ئەينى زامان خەتتاتلىقىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان. ئۇ كۆپىنچە ئىبادەتخانا تاملىرىغا، ساراي ـ قەسىرلەرگە، كىشىلەر كۆپ كېلىدىغان ئاممىۋى سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىنىپ ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسەتكەن. گۇگۇڭ موزېيىدا ئۇنىڭ بىر قىسىم ھۆسنخەت ۋە رەسىملىرى ساقلانماقتا. ئۇنىڭ نامى «جۇڭگو ھۆسنخەت قامۇسى» (中国书法大辞典) غا كىرگۈزۈلگەن.

11. گاۋ كېگۇڭ 高克恭

گاۋ كېگۇڭ (1248 ـ 1310 ـ يىللار) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر خەتتات ۋە رەسسام. يەنە بىر ئىسمى يەنجىڭ (彦敬) تەخەللۇسى فاڭشەن (房山) «سۈن فۇ زەي قىرائەتخانىسى توپلىمى» (存复斋文集) «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەتتاتلىق ۋە رەسساملىق توغرىسىدا» (元书画考) قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردا ۋە شاڭخەي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم قول يازمىلاردا گاۋ كېگۇڭنىڭ ئۇيغۇر ئەكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ھازىر بېيجىڭدىكى گۇگۇڭ موزېيىدا ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە رەسىمى بىلەن بىر قىسىم ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ساقلانماقتا.

12. ماجيۇ گاۋ 马九皋

ماجيۇ گاۋ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر خەتتات ۋە ئەدىب. ئۇ ئادەتتە ماڭاڭفۇ (马昂夫)، شۆ ئاڭفۇ (薛昂夫)، شۆ چاۋ ۋۇ (薛超吾) دەپ ئاتىلىدۇ. يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن تاۋ زۇڭيىنىڭ «تارىخىي پۈتۈكلەر جەۋھىرىگە تولۇقلىما» (书史会罗 补) دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇر دەپ ئىزاھلانغان. ماجيۇگاۋنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى خېلى بۇرۇنلا غەربىي يۇرتتىن ئىچكىرى ئۆلكىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جياڭشى، ئەنخۇي، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردا ئەمەلدار بولغان. ماجيۇگاۋنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۇنىڭ ھۆسنخەت ئۇسلۇبىنىڭ ياڭراق ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

13. رۇڭ سىڭ 荣僧

رۇڭ سىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر خەتتات. «تارىخىي كىتابلار جەۋھەرلىرى» (书史会要) دېگەن كىتابتا ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمىنىڭ زىرېن، مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. رۇڭ سىڭ ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ جېجياڭ زوراغالىق مەھكىمىسىدە ئەمەلدار بولغان، كېيىن ھۆسنخەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

14. داۋتوڭ 道童

داۋتوڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر خەتتات. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى شىيەن (石岩). «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 144 ـ جىلدىدە داۋتوڭ ئىدىقۇتلۇق ئۇيغۇر دېيىلگەن. ئۇنىڭ ھۆسنخەتتىكى «قوش يېزىش ئۇسلۇبى» ئەينى ۋاقىتتىكى خەتتاتلارنى ھەيران قالدۇرغانلىقى مەلۇم.

(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن)

**ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنى ئاياغلاشتى، يەرلىك بەش نىزام قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى**

ئۆز خەۋىرىمىز: ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنى تۆرلۈك كۆنتەرتىپلەرنى تولۇق ئورۇنداپ، 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاياقلاشتى.

يىغىن «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»؛ «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ دېلوغا چېتىشلىق بويۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش نىزامى» نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا يوللىغان «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى› گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى› گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» نى ماقۇللىدى.

يۇقىرىقى نىزاملار ئايرىم ـ ئايرىم 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋە 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

**ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتى 1999 ـ يىللىق 2 ـ يىغىنىنى چاقىردى**

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتى 1999 ـ يىللىق 2 ـ يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش گەن ۋېنيۈەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بەرگەن «يېزا ئىگىلىك قانۇنى» نىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات؛ يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش تۇراۋۇدۇن تاتلىق بەرگەن «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات؛ ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ شى بەرگەن 3 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات؛ ۋىلايەتلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش چېن شۇشېن بەرگەن ۋىلايەتنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات؛ ۋىلايەتلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش نىڭ يى بەرگەن ۋىلايەتنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. كومىتېت تەركىبىدىكىلەر يۇقىرىقى دوكلاتلارنى ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ، نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى.

**(ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتىنىڭ «قىسقا خەۋىرى» دىن)**

**شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1999 ـ يىللىق خىزمەت يىغىنى چاقىردى**

شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىندا 1999 ـ يىللىق خىزمەت يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، كومىتېت ئەزالىرى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە رەھبەرلىرى ۋە يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى ھەم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىدىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قاتناشتى. يىغىن خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى، قانۇنچىلىق، مالىيە ئىقتىساد، مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە، ۋە

كىللەر ـ كادىرلار قاتارلىق خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ 1998 ـ يىلدىن بۇيانقى خىزمەت دوكلاتى ۋە بۇندىن كېيىنكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېتەرسىز تەرەپلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتكە بولغان تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ تەنقىد، پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە بۇندىن كېيىنكى خىزمەت جەريانىدا، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1999 ـ يىللىق خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرى ۋە ئۆز تارمىقى تۈزگەن خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن، خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

### باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى چاقىردى

باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىندا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى خىزمەت تارماقلىرى، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى قاتارلىق تۆت قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا قاتناشقان خادىملار «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» نى ئەستايىدىل ئۆگەندى. «نىزام» نى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ئورنى ۋە قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نازارەتچىلىكنى قوبۇل قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى. ئۇلار بىردەك بۇندىن كېيىنكى خىزمەت جەريانىدا، «نىزام» نى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ج خ، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە قاتارلىق قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

### شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان رەھبەرلىرى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا پارتىيە دەرسى ئۆتتى

«ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پارتىيىلىك كادىرلارغا دەرس سۆزلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش خۇا لىي تەكلىپ بىلەن تويبولدى يېزىسىدىكى جەنۇبىي تارىم نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابىغا كېلىپ، ئۈچ داۋېيدىكى 100 دىن ئارتۇق پارتىيىلىك كادىرلار ۋە پارتىيىگە كىرىش ئاكتىپلىرىغا پارتىيىمىزنىڭ تارىخى توغرىسىدا ۋە «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ھەققىدە» دېگەن تېمىدا دەرس ئۆتتى. يولداش خۇا لىي نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر قېتىملىق جانلىق پارتىيە دەرسى ئۆتتى. دەرس ئاڭلىغان پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە پارتىيىگە كىرىش ئاكتىپلىرى بىر قېتىم چوڭقۇر پارتىيىۋىلىك تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، پارتىيىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلۇغۋار غايىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.

**(ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خ ق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ «قىسقا خەۋەرلەر» دىن)**

### ئاقسۇ ۋىلايىتىدە خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسى بويىچە ئارىلاپ باشقۇرۇش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ئارىلاپ باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

چۈشتىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ئار-
خىپ ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك خ ق
خىزمەت كومىتېتى ئىشخانىسى ئاق-
سۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ يىغىن زالىدا شەھەرلىك
خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى-
نىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش بويىچە دە-
رىجىنى كۆتۈرۈپ ئۆلچەمگە يەتكۈ-
زۈش، تەكشۈرۈپ باھالاش نەق مەيدان
يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك
ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى، ئارخىپ باشقۇرۇش بويىچە
دەرىجىنى كۆتۈرۈپ ئۆلچەمگە يەتكۈ-
زۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپ-
پىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتو-
نوم رايون بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك
ئارخىپ باھالىغۇچى ۋاڭ دېيى رىيا-
سەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا ۋىلايەت-
لىك خ ق خىزمەت كومىتېتىنىڭ
باش كاتىپى قۇربان نىياز، ۋىلايەت-
لىك ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ باشلى-
قى، ئارخىپ باشقۇرۇش بويىچە دەرى-
جىنى كۆتۈرۈپ ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش-
كە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى-
نىڭ باشلىقى جاڭ جېنگاڭ، ۋىلا-
يەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتى
ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى،
ئارخىپ باشقۇرۇش بويىچە دەرىجىنى
كۆتۈرۈپ ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشكە رەھ-
بەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ با-
ھالىغۇچىسى جۇ چۈنياڭ، شەھەر-
لىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ خېيچېن، بۇۋى-
نىيازخان، جاۋ يۈچىڭ، سادىق دا-
ۋۇت، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كو-
مىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى
لۇگۇاڭلىڭ ۋە ناھىيە (شەھەر) لىك
خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ
مەسئۇللىرى، ئىشخانا مۇدىرلىرى ۋە
ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملار قات-
ناشتى.

ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دا-
ئىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىنىڭ ئورگانلار ئارخى-
پىنى باشقۇرۇش بويىچە دەرىجىنى
كۆتۈرۈپ ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش چارى-
سى» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ
روھىغا ئاساسەن، ئارخىپ خىزمى-
تىنى قىلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەم-
لەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ
، دەرىجىنى كۆتۈرۈپ ئۆلچەمگە يەت-
كۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپ، مەخسۇس
ئارخىپ باشقۇرۇش بويىچە دەرىجىنى
كۆتۈرۈپ ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشكە رەھ-
بەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ،
دائىمىي كومىتېتنىڭ بىر نەپەر مۇ-
ئاۋىن مۇدىرىنى مەخسۇس ئارخىپ
خىزمىتىنى تۇتۇشقا بەلگىلىدى،
ئىشخانا مۇدىرى مەسئۇل بولدى، يەنە
مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئارخىپ باش-
قۇرغۇچى خادىمنى تەكلىپ بىلەن
ۋەزىپىگە قويدى. ئارخىپ باشقۇرۇش
بويىچە دەرىجىنى كۆتۈرۈپ ئۆلچەمگە
يەتكۈزۈش خىزمىتى جەريانىدا، دا-
ئىمىي كومىتېت رەھبەرلىرى ئىدى-
يىۋى تونۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش،
تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ئەمەلىي-
لەشتۈرۈش، خىزمەت ئورۇنلاشتۇ-
رۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا
ئاشۇردى ھەمدە مەخسۇس راسخوت
ئاجرىتىپ، ئارخىپ خىزمىتىدە زۆ-
رۈر بولغان ئەسلىھەلەرنى سەپلەپ ۋە
تولۇقلاپ، خىزمەتتىكى قىيىنچى-
لىقلارنى ھەل قىلىپ، يۇقىرى ئۆل-
چەم، قاتتىق تەلەپ بويىچە، تۈرلۈك
ئارخىپلارنى ئىلمىي ئاساستا تۈرگە
ئايرىپ، تەرتىپلىك ھالدا رەتكە تۇر-
غۇزدى. 1999 ـ يىللىق ئارخىپ
باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئاپتونوم رايون
بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇن ئۆل-
چىمىگە يېتىشنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت
ياراتتى.

يىغىنغا قاتناشقان خا-
دىملار شەھەرلىك خ ق دائىمىي كو-
مىتېتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئارخىپلى-
رىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كې-
يىن، ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كو-
مىتېتى ئىشخانىسى نەق مەيدان
سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ھەر قاي-
سى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومى-
تېتلىرىنىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش
خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلات ئاڭلى-
دى. ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كو-
مىتېتىنىڭ باش كاتىپى قۇربان نى-
ياز، ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
جۇ چۈنياڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا
شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى-
نىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتى-
دىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگى-
نىپ، ھەر قايسى ناھىيىلىك خەلق
قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدە
تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر
قايسى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي
كومىتېتى رەھبەرلىرىدىن تارىخقا
مەسئۇل بولۇش يۈكسەكلىكىدە تۇ-
رۇپ ئارخىپ خىزمىتىگە ئەھمىيەت
بېرىپ، ئارخىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى-
نى پەيدىنپەي ئورنىتىپ ۋە مۇكەم-
مەللەشتۈرۈپ، پىلان تۈزۈپ، نە-
شانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەدبىرنى
ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر يىلى 3 ـ 4
كىچە ناھىيىنىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش

خىزمىتىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش، بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ۋىلايەتتىكى خەلق قورۇلتىيى سىستېمىسىنىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ، ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىلمىيلىشىش، قېلىپلىشىش ئىزىغا سېلىشنى ئۈمىد قىلدى.

ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقۇرۇش بويىچە دەرىجىنى كۆتۈرۈپ ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، تەكشۈرۈپ باھالاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باھالىشى ئارقىسىدا، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 98 نومۇرغا ئېرىشىشتەك ئەلا نەتىجە بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇن دەرىجىسىگە شەرەپلىك ھالدا كۆتۈرۈلدى. ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جېنگاڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىگە ۋاكالىتەن شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ئاپتونوم رايون بويىچە ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇن گۇۋاھنامىسىنى تارقاتتى.

(ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خ ق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ «قىسقا خەۋىرى» دىن)

## ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى قائىدە ـ تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلدى

نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىنكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت خىزمىتىنى دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى دەۋر قىلىپ، ئاممىدىن كەلگەن ئەرز ـ شىكايەتكە، ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى جان دىل بىلەن ياخشى ئىشلىمەكتە.

ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئالدى بىلەن ئەرزىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. ئىلگىرى ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئىشخانىدىن بىر نەپەر ئادەتتىكى كادىر قوشۇمچە مەسئۇل بولۇشنى، ئىشخانىنىڭ بىرمۇ مۇئاۋىن مۇدىرى مەخسۇس مەسئۇل بولۇشقا ئۆزگەرتتى. دائىمىي كومىتېتنىڭ بىر مۇئاۋىن مۇدىرىنى قوشۇمچە ئەرزىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. مەخسۇس ئەرزىيەت ئىشخانىسى قۇرۇپ، كۈندىلىك ئىشلارنى ئۈدۈللۈق بىر تەرەپ قىلدى. مۇدىرلار يىغىنىدا ئەرزىيەت ئىشخانىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك قانات يېيىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

بۇ يىل 5 ـ ئايدا ئوبلاستلىق 11 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسىنىڭ خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن ئەرز ـ شىكايەت ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى ۋە تارقاتتى. بۇ چارە ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى، مەجبۇرىيىتى، خەت ـ چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش، خىزمەت تۈزۈمى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 15 ماددىغا بۆلۈنگەن. يېقىندا يەنە دائىمىي كومىتېتنىڭ قارارىغا بىنائەن، دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش كۈنى تەسىس قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ھەر ئاينىڭ 10 ـ كۈنىنى دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش كۈنى قىلىپ بېكىتتى. ھەمدە يىل ئاخىرىغىچە ھەر قايسى مۇدىرلارنىڭ ھەر ئايدىكى كۈتۈۋېلىش كۈنىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇدىرلارغا تارقىتىپ بەردى. ئەگەر بۇ كۈن دەم ئېلىش، ھېيت ـ بايراملارغا توغرا كېلىپ قالسا، كېيىنكى ھەپتىنىڭ تۇنجى خىزمەت كۈنىدە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالدى. ئەرزىيەت ئىشخانىسى رەھبەرلىرىنىڭ ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش كۈنىنىڭ تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس تاختاي ياسىتىپ، ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش كۈنىدىن بىر ھەپتە بۇرۇن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئورۇنغا تاختاينى ئېسىپ، ئاممىنى خەۋەرلەندۈردى

ھەممە يېقىندىن بۇيانقى ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، يېڭى يۈزلىنىشى، يېڭى ئەھۋاللىرىدىن رەھبەرلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

(سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسىدىن ئۇرسۇن روزى)

## يەكەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسلىرىنى تەربىيىلەش يىغىنى ئاچتى

يەكەن ناھىيىسىدە بۇ يىل ئېلىپ بېرىلغان يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا كۆپ ساندىكى يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىدە ئۆزگىرىش بولغان. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خ ق خىزمىتىنى يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش، ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىيە، قانۇن - تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىپ، قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش» تىن ئىبارەت تۈپ ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە 29 يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى قاتناشقان تەربىيىلەش يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا ئالدى بىلەن يىغىن قاتناشچىلىرى مىشا يېزىسى ۋە تاغارچى يېزىلىرىغا چىقىپ، يېزىلىق پارتكومىنىڭ خ ق خىزمىتىنى جانلاندۇرغانلىقى توغرىسىدىكى تەجرىبە دوكلاتى، ئىككى يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يېقىنقى بىر قانچە يىل جەريانىدا توپلىغان خ ق خىزمىتى ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى تەجرىبە دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئىشخانا ئەسلىھەلىرى، تۈرلۈك ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ۋە ھەيئەت رىياسەتنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى، ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنى چوڭ خەتلىك يېزىپ جازىلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا كۆرۈپ ئۆگەندى.

يىغىندا يەنە يەكەن بازىرى قاتارلىق بەش يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى مەخسۇس تېما بويىچە ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرغاندىن باشقا يەنە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» دىن ئالدىن تەييارلانغان لېكسىيىدىن دەرس ئۆتۈلدى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق دېيىشتى: بۇ قېتىمقى يىغىن ھەم نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنى، ھەم تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئاساس سېلىش يىغىنى بولدى. بىز ئىلگىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ۋە باشقا ئورۇنلاردا بىر مەزگىل رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ مەلۇم خىزمەت تەجرىبىسى ۋە باشقۇرۇش، تەشكىللەش خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان. بۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولىدۇ. بىز يېڭى خىزمەتنىڭ تەلپىگە، يېڭى خىزمەت ۋەزىپىسىگە ۋە يېڭى خىزمەت مۇھىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپىمىز ۋە ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇش ئاساسىدا مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز ۋە بۇرچ تۇيغۇمىزنى ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ نەزەرىيە، سىياسەت سەۋىيىمىزنى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا بېرىلگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىمىز.

(يەكەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن نۇرمۇھەممەت قۇربان، ئابدۇرېشىت ئوسمان)

**كونىشەھەر ناھىيىلىك خ ق داـ
ئىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر بىدـ
لەن ئالاقىلىشىش پائالىيىتىنى
قانات يايدۇرۇپ ئەمەلىي ئۈنۈمـ
گە ئېرىشتى**

قەشقەر كونىشەھەر ناھىـ
يىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 5 ـ
ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىـ
چە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى
بىر قىسىم خادىملار ۋە ئورگان كاـ
دىرلىرىنى تەشكىللەپ ئۈچ گۇرۇپـ
پىغا ئايرىش بىلەن ئالتە يېزا (بازار)
دىكى ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىغا بېـ
رىپ، ئاپتونوم رايون، ناھىيە ۋە
يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پاـ
ئالىيەتلىرىگە قاتنىشىشىغا ئۇيۇشـ
تۇردى. بۇ خادىملار يېڭىدىن تۈزۈـ
تىش كىرگۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇنـ
نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش
ئەھۋالى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى
تەشكىلىي قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇـ
رۇلۇش ئەھۋالى ۋە ئامما يېقىندىن
كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەـ
سىلىلىرىدىن دېھقانلارنىڭ سېلىقىـ
نى يېنىكلىتىش ئەھۋالى، دېھقانـ
لاردىن قالايمىقان ھەق ئېلىش، قاـ
لايمىقان سېلىق سېلىش، قالايمىقان
جەرىمانە قويۇش ئەھۋاللىرى ئۈستىدە
ۋەكىللەرنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى
ئاڭلىدى ھەمدە ۋەكىللەر بىلەن بىرـ
لىكتە بۇ مەسىلىلەرنى ئورتاق مۇھاـ
كىمە قىلدى. ئاساسىي قانۇنىنىڭ
ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ۋە نوپۇزىنى
قوغداپ، قانۇن تەشۋىقاتىنىڭ نەمۇـ
نىچىلىرىدىن بولۇشقا ئىرادە باغلىـ
دى، شۇنىڭدەك قانۇن تۇرۇپ ئەمەل
قىلمايدىغان، قانۇننى ئىجرا قىـ
لىشتا قاتتىق بولمايدىغان، ھوقۇقـ
نى قانۇن ئۈستىگە دەسسىتىپ ئامما
ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلىدىغان
بەزى مەسىلىلەرنى كەسكىنلىك بىـ
لەن تەنقىد قىلدى. ئۇندىن باشقا
كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ سايـ
لىمىنى ئېلىپ بېرىشتا دېھقانلارنىڭ
دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلـ
ماي، تەشكىل كۆرسەتكەن نامزاتنىلا
سايلاشنى تەكىتلەپ، دېھقانلار ئۆزـ
لىرى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىـ
دىغان نامزاتلارنى سايلاشقا قوشۇلـ
مايدىغان ئەھۋاللارنى تۈزىتىش توغـ
رىسىدا بەزى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا
قويدى.

بۇ قېتىمقى ئالاقىلىشىش
پائالىيىتىگە ئۈچ دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن جەمئىي
167 كىشى قاتناشتى، ئۇلار نۆۋەتتىـ
كى قىزىق نۇقتا ۋە مۇھىم نۇقتا
مەسىلىلىرىگە قارىتا 78 پارچە ھەر
خىل پىكىر ـ تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇـ
رىغا قويۇپ، ناھىيىلىك خ ق دائىـ
مىي كومىتېتىنىڭ بۇ پىكىرلەرنى
رەتلەپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ
تېزلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ،
ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىـ
لەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھەل
قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئۈمىدىنى
ئاقلاشنى تەلەپ قىلدى.

(قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك
خ ق دائىمىي كومىتېت
ئىشخانىسىدىن تۇرغۇن ئىمىن)

**بايتوقاي يېزىلىق خ ق ھەيئەت
رىياستى ۋەكىللەرنىڭ رولىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق
ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىـ
ۋەتنى قويۇقلاشتۇردى**

غۇلجا ناھىيە بايتوقاي
يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى يېـ
قىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، ۋەكىللەر
قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇـ
رۇپ، ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاـ
قىلىشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ،
ۋەكىللەرنىڭ سايلىغۇچىلار ۋە سايـ
لىغۇچى ئورۇن بىلەن ئالاقىلىشىش،
خەلقنىڭ رايىنى ئىنكاس قىلىش،
ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش
ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلدى.
ۋەكىللەرنى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار
ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتـ
لىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا
قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش
ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆسـ
تۈردى. ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈـ
رۈش ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈـ
رۈشكە ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار خەلق
ئاممىسىنىڭ پىكىر تەلەپلىرىنى
ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، ھەر دەرىـ
جىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزـ
مىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى قوللىـ
دى. بۇ ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ روـ
لىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق
ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى
قويۇقلاشتۇردى.

بايتوقاي يېزىلىق خ ق
ھەيئەت رىياستى ئۈچ يىلدىن بۇيان،
ھەر يىلى تۆت قېتىم ھەيئەت رىياـ
ستى يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ۋەـ

كىللەرنى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇپ، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىشتا ئۇلاردىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالدى. ھەيئەت رىياستىنىڭ سانلىق يىغىنلىرى ۋە ۋەكىللەر يىغىنلىرىنى تولۇق ئېچىپ، ھەر قېتىملىق يىغىندا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك ئورۇنلىرىدىن 4 - 5 ئورۇننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە ۋەكىللەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويدى، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەيئەت رىياستىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرىدا بېكىتىلگەن 18 تەكلىپنى بېجىردى. 117 تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرنىڭ ھەممىسىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بېجىرىشىگە چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئامما رازى بولغۇدەك ھەل قىلدى. بۇ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، دىھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتە پايدىلىق پىكىرلەر بولۇپ، دىھقانلارغا سورتلۇق، جىڭ ئۇرۇق ۋە دورىلار بىلەن مۇلازىمەت قىلىش، زىرائەتلەرگە ئۆز ۋاقتىدا سۇ قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، بانكا، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى قەرز پۇل تارقىتىشتا ئىدىيىسى توغرا بولۇش، تەمىنات سودا كوپېراتىپى خىمىيىۋى ئوغۇت، دىھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تەمىنلەش، ئاشلىق پونكىتى ئاشلىقنى ئۆز ۋاقتىدا سېتىۋېلىش، توك پونكىتى توك باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە مۇقىم توك بىلەن تەمىنلەش، ھۆكۈمەت ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر دىھقانلارغا چىن دىلى بىلەن خىزمەت قىلىش، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كەنتلەرگە ۋاقتى ۋاقتىدا چۈشۈپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرۇش، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇش، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بايتوقاي يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى يەنە ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىدىن كەلگەن خەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىشنى خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ مۇھىم يولى قىلدى. ئۈچ يىل جەريانىدا خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن خەت - چەكلەر ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن بولۇپ جەمئىي 74 قېتىم (پارچە) قوبۇل قىلدى. ھۆكۈمەت ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ خىزمەت ئۇسلۇبىنى ياخشىلاپ، ئاممىنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئامما ئىنكاس قىلغان ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە ئاز سانلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سېلىش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ئاندىن باشقا يەنە مۇنەۋۋەر خەلق ۋەكىللىرىنى ۋە ئىلغار ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنى باھالاپ، ئىلغار تىپلارنى تۇرغۇزدى. بۇ ئارقىلىق خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ئابرۇيى يەنىمۇ تىكلەندى ۋە ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ياخشى ئىش - پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. نەتىجىدە ناھىيىلىك 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بايتوقاي يېزا ساقىيۇزى كەنت ئەزاسى نوقى ئەيسا (دۆڭشىيالڭ) دەك ئىلغار ۋەكىللەر مەيدانغا كەلدى. ئۇ 1998 - يىلى 2 - مەۋسۇملۇك ئوقۇش باشلانغاندا ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ، ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ئالتە ئوقۇغۇچىنىڭ كىتاب ۋە ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن 462 يۈەن پۇلنى مەكتەپ تەشكىلىگە ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئالتە نەپەر ئوقۇغۇچىنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىزكۇر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب ئەكىلىشتە مالىيىدە قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۆز يېنىدىن 3000 يۈەن چىقىرىپ، مەكتەپنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى يەڭدى. ئاندىن باشقا يەنە ئۆز كەنتىدىكى ئائىلىلەرگە ئوغۇت، ئۇرۇق، ئۇن، نەق پۇل بولۇپ جەمئىي 10 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماددىي بويۇم ۋە ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بەردى.

**(غۇلجا ناھىيە بايتوقاي يېزىلىق پارتكومدىن زامانىدىن شاھى)**

## گۈلباغ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى

پوسكام ناھىيىسىنىڭ گۈلباغ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللى-

رىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەپ ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلىرىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

گۈلباغ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالاقىدار نىزاملىرىغا ئاساسەن، خىزمەتلەرنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە قانات يايدۇرۇپ، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى تۈسىدىكى فۇنكسىيىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز خىزمىتىنى جانلاندۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەيئەت رىياسىتى ئىلگىرىكىدىن باشقا پەقەت 1995 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر ئۇدا ئالتە نۆۋەت ۋەكىللەرنى جەم قىلىپ، يېزا تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ تۈرلۈك قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ۋە دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ئەھۋالى ھەققىدە مەخسۇس سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرۈشتىن خۇلاسە چىقىرىش ئەھۋالىنى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. بولۇپمۇ بۇ خ ق ھەيئەت رىياسىتى ۋەكىللەرنىڭ ئوبرازىنى تىكلەپ، خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئاما ئالدىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەيئەت رىياسىتىنىڭ توققۇز ھەيئەت ئەزاسى ۋە 49 خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىپ، پەسىلدە بىر نۆۋەت ئۆگىنىش قىلىش، ئۆز ئورنىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى ھەيئەت رىياسىتىگە مەلۇم قىلىشنى تۈزۈملەشتۈردى. يەتتە قېتىم ھەيئەت رىياسىتىنىڭ سانلىق يىغىنلىرىنى ئېچىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، پىلان لايىھىسى ۋە يېزا باشلىقىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ ھەيئەت رىياسىتى ئىلگىرىكىدىن باشقا پەقەت بۇ يىلنىڭ بېشىدا ۋەكىللەر بەرگەن نامۇۋاپىق سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مەسئۇلىيەت ئېتىمزى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، جەرىمانە ئېلىشنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىش، بۇ يىللىق يېڭى پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن، يېزىدىكى بىر تۈركۈم كادىرلارنى پاختا پىرىيوم بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەپ، يېزىلىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە بولغان نازارەتنى كۈچەيتىش ۋە ئالدىنقى يىللىق ساۋاقلارنى قوبۇل قىلغان ئاساستا، پاختا پىرىيوم قىلىش ئىقتىدارى يوق، ئۆز مەنپەئىتىگە چوغ تارتىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ مەنپەئىتىگە زىيان ئۇرىدىغان پاختا پىرىيوم خادىملىرىنىڭ خىزمەت تەمىناتىدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىش، پاختا سېتىۋېلىشتا ئومۇميۈزلۈك ئېلېكترونلۇق گىر ئىشلىتىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ناھىيىلىك پاختا شىركىتىگە تەكلىپ بېرىپ ۋە تەكلىپنىڭ ئىجراسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، پاختىكارلارنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تېمىدىكى 52 پارچە پىكىر، تەكلىپنى رەتلەپ ۋە بۇ تەكلىپ - پىكىرلەرنى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ياراتتى.

(پوسكام ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتىدىن
ئابلىمىت بارات)

**ئارىش يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ئاساسىي قانۇن، سايلام قانۇنى بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپ كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى**

كېرىيە ناھىيە ئارىش يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە يېقىندا يېزا مىقياسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى، دىنىي زاتلار، دېھقان - چارۋىچى ئاممىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، ھەر قايسى قانۇن بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپ، قانۇن كۆز قارىشى ئېڭىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملىدى.

بۇ قېتىمقى زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە ھەر قايسى مەھەللە، كومىتېت، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ، پونكىت ھەمدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن بولۇپ

جەمئىي 117 ئادەم قاتناشتى. مۇسابىقىدە ئاساسىي قانۇن، سايلام قانۇنى، زۆرۈر ئاممىۋى ئوقۇشلۇق، پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت بولغان 27 قانۇن ـ نىزامدىن زېھىن سىناش ئېلىپ بېرىلىپ، جەمئىي 42 نەپەر ماھىر، 14 گورۇپپا بويىچە مۇسابىقىغە قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقىدە بىر كوللېكتىپ بىرىنچى دەرىجىلىككە، ئالتە ماھىر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىككە ئېرىشىپ، 300 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى.

**(كېرىيە ناھىيە ئارىش يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئەمەتجان ھېيىت)**

## توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا خ ق ھەيئەت رىياسەتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئۈچ ئورۇننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى

توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا خ ق ھەيئەت رىياسەتتى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، يېزىدىكى مالىيە ئورنى، يېزا ئىگىلىك بانكا ۋە يېزا ئىگىلىك پونكىتى قاتارلىق ئۈچ ئورۇننىڭ خىزمەتلىرىدىن دوكلات ئاڭلىدى.

دوكلاتتا ئاساسلىقى مالىيە ئورنىنىڭ پىلان ئىچى ۋە پىلان سىرتىدىكى مەبلەغنى يىغىۋېلىش ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالى ۋە مالىيە مۇپەتتىش ئەھۋالى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئامانەت قەرزىنى تارقىتىش ئەھۋالى، يېزا ئىگىلىك پونكىتىنىڭ ھەق يىغىش ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالى قاتارلىق ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم يىغىندىكى ئۈچ ئورۇنغا قارىتا ئاممىنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرى يەتكۈزۈلدى ۋە ئاممىا ئارىسىدا ئېنىق بولمىغان بىر قىسىم ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ چۈشەنچىگە ئىگە بولدى.

بۇ ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك رولى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئاممىنى يېزا ئومۇمىي ئىقتىسادى ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىش ھەم ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يەنىمۇ ياخشى شارائىت ھازىرلاندى.

يىغىن ئاخىرىدا ھەيئەت رىياستى يېزا ئىگىلىك پونكىتى، مالىيە ۋە يېزا ئىگىلىك بانكا قاتارلىق ئۈچ ئورۇننىڭ بۇندىن كېيىنكى يېزا ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىدە داۋاملىق تۈردە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، پاك، ئادىل ئىشلەپ، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلەپ ھەسسە قوشۇشىنى تەلەپ قىلدى.

**(توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا خ ق ھەيئەت رىياسىتىدىن سوفىيەم مەھەممەتسىيىت)**

## ئاقسۇ شەھىرىدە ئۈچ قانۇننىڭ ئىزچىللىشىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئاقسۇ شەھىرىدە «يېمەكلىكلەر تازىلىق قانۇنى»، «يوقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»، «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ ئىزچىللىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشتە شەھەر، يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە، ۋىلايەتكە قاراشلىق بىر قىسىم يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، سوغۇق ئىچىملىك زاۋۇتى، دورا دۇكانلىرى، رېستوران، سودا سارايلىرى، ئاشخانىلار، سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتلىرى بولۇپ 15 ئورۇنغا بېرىپ دوكلات ئاڭلاش، نەق مەيداننى كۆرۈش، سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تەپسىلىي ئەھۋال ئىگىلىدى، تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۇچرىتىلغان سۈپىتى ئۆزگەرگەن ۋە ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن يېمەكلىكلەرنى ۋە بىر قىسىم دورىلارنى بازارغا سېلىش، ساغلاملىق كىنىشكىسى ئالماي تۇرۇپ يېمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش، قىسمەن رېستوران ۋە ئاشخانىلارنىڭ دېزىنفېكسىيە قىلىش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولماسلىق، يوقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىن جىددىي تەدبىر قوللىنىپ يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى تۈزىتىش تەلەپ قىلىندى.

**(ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئوسمانجان تۇرسۇن)**

### كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمە- تى تەشۋىقات سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك
پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىرلىكتە
1999 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى نا-
ھىيە بويىچە قانۇنچىلىق خىزمىتى
بويىچە تەشۋىقات سۆھبەت يىغىنى
ئاچتى.

يىغىنغا ناھىيىلىك خ ق
دائىمىي كومىتېت مۇدىرلىرى، نا-
ھىيىلىك سوت مەھكىمىسى، تەپ-
تىش مەھكىمىسى، ناھىيىلىك
پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدلىيە
ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، مەدەنىيەت
ئىدارىسى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدا-
رىسى، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملا-
شتۇرۇش ئىشخانىسى، سىياسىي
قانۇن كومىتېتى، مەدەنىيەت يۇرتى،
سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلار-
نىڭ مەسئۇللىرى، ناھىيىلىك را-
دىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە
ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى قات-
ناشتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق
خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
يولداش ھامىدىن نىيازنىڭ ئاپتونوم
رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي
كومىتېتىنىڭ 8 ـ يىغىنىدا سۆز-
لىگەن «ئاساسىي قانۇننى كەڭ كۆ-
لەمدە ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ،
ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە
ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتەي-
لى» دېگەن سۆزى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆ-
گىنىش قىلىندى، ئارقىدىنلا ناھە-
يىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى تۇردى ئەخمەت مەخ-
سۇس تېمىدا دوكلات بېرىپ، ناھە-
يىمىزنىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىللىك
قانۇنچىلىق تەشۋىقات خىزمىتىدە
قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە
تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ خۇلاسە
قىلدى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى
كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە ناھىيىمىز
قانۇنچىلىق تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ
بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىسى، يې-
تەكچى ئىدىيىسى، مەزمۇنى، تەلە-
پى، ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا
قويدى ۋە مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇش ئې-
لىپ باردى، سۆھبەت يىغىنىغا قات-
ناشقانلار مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ
سۆزى ۋە مۇئاۋىن مۇدىر تۇردى ئەخ-
مەتنىڭ دوكلاتىنى بىرلەشتۈرۈپ
قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى.

(كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن
مەتتۇرسۇن ئېزىز)

### كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتى 1999 ـ يىل 6 ـ
ئاينىڭ 11 ـ كۈنى توغرىغاز يېزىسىدا
يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇ-
رۇش يىغىنى ئاچتى.

يىغىنغا ناھىيىلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇ-
ئاۋىن مۇدىرلىرى، دائىمىي كومە-
تېت ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى،
خىزمەت كومىتېت مۇدىرلىرى، 15
يېزا ـ بازارخ ق ھەيئەت رىياسىتە-
نىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلە-
رى، ھەيئەت رىياسىتىنىڭ كاتىپ-
لىرى، توغرىغاز يېزىلىق پارتكوم ۋە
ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى
. يىغىندا توغرىغاز يېزىلىق، شەن-
بەبازار بازارلىق، ئاتچان يېزىلىق خ
ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسلە-
رى تەجرىبە تونۇشتۇردى ۋە ئۆز تە-
سىراتلىرىنى سۆزلىدى.

يىغىندا يەنە توغرىغاز يې-
زىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ياڭ
يۈلىن سۆز قىلىپ، ئۆز يېزىسىنىڭ
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ھەققە-
دىكى تەسىراتىنى بايان قىلدى، ئۇ
مۇنداق دېدى: «يېزىمىزنىڭ خ ق
ھەيئەت رىياستى بىر قانچە يىلدىن
بۇيان، يېزىلىق پارتكومىنىڭ كۈچ-
لۈك ياردەمچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى
بولدى. بىز يېقىنىمىز تەۋەسىدىكى
قىزىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ۋە
چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ
قىلىشتا ھەيئەت رىياستىگە تايان-
دۇق. ھەيئەت رىياستى پارتكومىنىڭ
مۇددىئاسىنى خەلق ئاممىسىنىڭ
ئىرادىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يې-
زىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى
ئويناپالمايدىغان رولنى ئوينىدى.
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۆ-
چەيتىشكىلا بولىدۇكى، ھەرگىز
بوشاشتۇرۇشقا بولمايدۇ». يىغىن

ئاخىرىدا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەھەممەتجان غوپۇر تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە بەش تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇردى.

يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار توغرىغاز يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشى، ئارخىپ باشقۇرۇش، ئۈچ دەرىجىلىك ۋەكىللەرنىڭ رەسىملىك تەرجىمىھالى يېزىلغان تام جاھازىسىنى، ئۆگىنىش، يىغىن، پائالىيەت خاتىرىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەنتۇرسۇن ئېزىز)

**كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا- بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ باھالاش ئېلىپ باردى**

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، يېزا- بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇش، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ ئورتاق ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، 1999- يىل 6- ئاينىڭ 29- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 2- كۈنىگىچە تۆت كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى 15 يېزا- بازاردىكى خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ 1999- يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلىرى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالاش ئېلىپ باردى ھەمدە چەك تاشلاش ئارقىلىق ھەر بىر يېزا- بازاردىن بىردىن ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈلدى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ باھالاشقا 15 يېزا- بازارنىڭ خ ق ھەيئەت رىياستى رەئىسلىرى، دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى، خىزمەت كومىتېت مۇدىرلىرىدىن بولۇپ 20 ئادەم قاتناشتى. تەكشۈرۈپ باھالاشقا قاتناشقانلار بىر ئۆمەك بولۇپ تەشكىللىنىپ، بۇ ئۆمەككە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر مۇئاۋىن مۇدىرى يېتەكچىلىك قىلدى. تەكشۈرۈپ باھالاشتىن ئىلگىرى ئۆمەك ئەزالىرى يېرىم كۈن ئۆگىنىش كۇرسىغا ئويۇشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ باھالاش مەزمۇنلىرى ئاساسىدا تەربىيىلەندى ۋە تەلەپ، ئۇسۇل قاتارلىقلار بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئۆمەك ئەزالىرى بەش گۇرۇپپىغا تەشكىللىنىپ، بەش چوڭ تۈر، 69 كىچىك مەزمۇن بويىچە تەكشۈرۈپ باھالاش ئېلىپ بېرىلىپ، نومۇر قويۇپ باھالاندى. ھەر بىر يېزىدا خىزمەت ئاياقلاشقاندا يېزا- بازار مەسئۇللىرى، ھەيئەت رىياستى ئەزالىرى قاتناشتۇرۇلۇپ كىچىك خۇلاسە قىلىنىپ، ئېرىشكەن نومۇرى ئېلان قىلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈپ باھالاش داۋامىدا 15 رەئىسنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاندى، 620 پارچە ئارخىپ، ماتېرىيال، 349 خاتىرە كۆزدىن كەچۈرۈلدى. 82 ۋەكىل بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى، 27 ۋەكىلدىن پىكىر ئېلىندى. تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ناھىيە بويىچە خۇلاسە قىلىنىپ، ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان تىپىك تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى تۈزىتىش تەدبىرلىرى كۆرسىتىپ بېرىلدى، نەتىجىسى بولغان ئورۇنلار تەقدىرلەندى.

(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەنتۇرسۇن ئېزىز)

**شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، «شەھەر پىلانلاش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى**

شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 6- ئاي ئاخىرىدا مۇدىر مىجىت مۆمىن باشچىلىقىدا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار، شەھەر قۇرۇلۇش

ئىدارىسى، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، شايار ناھىيىسىدە «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسىنىڭ ئىزچىللىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

(1) ھەر دەرىجىلىك ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرى بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتكەن. خەلق يولى، سايباغ يولى كېڭەيتىلىپ، سۈپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان. تۇيبولدى يولى يېڭىدىن ياسىلىشقا باشلىغان. (2) توك، تېلېفون، سىم يوللىرى يولنى كېڭەيتىشكە ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلۇپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىنغان. (3) خەلق يولىنى مەركەز قىلغان ئۈچ قەۋەتتىن يۇقىرى بىنالار (سودا تىجارەت ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى) بەرپا قىلىنغان. (4) خەلق يولى يېڭى كەڭتكچە بولغان ئارىلىق كۆكەرتىش خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولغان. (5) شەھەر ئاھالىلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى ۋە پاسكىنا سۇ چىقىرىپ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بولغان. بۇنىڭدىن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مەمنۇن بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە يەنىلا بەزى مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى سېزىلدى. (1) شايار بازىرىنىڭ شىمالىي چېگرىسى كونا ماي ئىسكىلاتىنىڭ شىمالىدىكى توغرا يولدىن 450 مېتىر شىمالىدا دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ھازىر رەسمىي ئۆلچەپ قوزۇق قېقىلماي مۇقىمسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان. بىر قىسىم يول ئورنى يېڭىدىن بىر قىسىم ئىدارىلەرگە كېسىپ بېرىلگەن ھەم بىر قىسىم ئۆي - ئىمارەتلەر يول ئورنىغا كېلىپ قالغان. (2) بازارلىق ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باغقا ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيى سېلىنغان. ئاھالىلەر رايونىنىڭ يول، خەۋەرلىشىش، ئىچىملىك سۇ تورۇبىسى، پاسكىنا سۇ چىقىرىش قاتارلىق ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى كېيىنكى تەرەققىياتقا ماسلاشمىغان. شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى بىلەن يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپلار ساقلانغان. (3) مەركىزىي كوچىدىكى پىيادىلەر يولى ئوي - دوڭغۇل، سۈپەتسىز، ئەخلەت تۆكۈش مەيدانى، توسۇش، پاسكىنا سۇ چىقىرىش، ئاممىۋى ھاجەتخانىلار يەنىلا ياخشى ھەل قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەر بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە. شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسى ئىجرا قىلىنىدىغان قانۇن تۇرۇقلۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سەل قاراپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش. شۇڭا، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شەھەر قۇرۇلۇشىنى ئاپتونوم رايوننىڭ «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى بويىچە ياخشى باشقۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

(1) پۈتۈن شەھەر ئىچىدىكى پۇقرالار ئىچىدە، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈش لازىم.

(2) شايار بازىرى ئىچىدىكى گۈيخۇا پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن دائىرىدىكى يەرنى بىرلىشىپ باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش (شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى بىلەن يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى) ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ خىزمەتلەرنىڭ تەرتىپلىك باشقۇرۇلۇشىغا ئىلھام بېرىلدى.

**(شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمەت كومىتېتىدىن نۇرەلى سوپى)**

**كۆكتېرەك يېزىسىدا خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىكنىڭ نازارەتچىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ يۈكى يەڭگىللىتىلدى**

گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىدا 26 كىنت كومىتېتى بولۇپ، يىللاردىن بۇيان يۇقىرىدىن خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەلگەن كادىرلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈ-

چۈن ھەر قايسى كەنتلەر ھەدەپ چىقىمنى كۆپەيتمۇتكەنلىكتىن دېھقانلارنىڭ مىڭ تەسلىكتە يىغقان كوللېكتىپ كىرىمى بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى يېزىلىق پارتكومنىڭ قوللاپ تەشكىللىشى ئاستىدا، «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى»، «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» نى قۇرۇپ چىقىپ، تەكشۈرۈش، نازارەتچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدىكى تۈرلۈك سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى تەشۋىق قىلدى.

بۇ يېزىدا يۇقىرىقىدەك ئەھۋالغا ئاساسەن، يىل بېشىدا بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىپ، يېزا مەسئۇللىرى ۋە يېزا كادىرلىرى كەنتلەرگە بارغاندا خىزمەت تامىقى يېمەسلىك، يۇقىرىدىن خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەنلەرگە بىرلا كىشى ھەمراھ بولۇپ تاماق يېيىش، بىر كىشىنىڭ بىر ۋاقلىق تامىقى بەش يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك، مالىيىدە ئۈچ دەرىجە بويىچە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت تۈزۈمنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. نەتىجىدە بۇ يېزىدا كەنتلەرنىڭ 1997 - يىلى مېھمان كۈتۈش چىقىمى 163 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، بۇ يىل ئالدىنقى يېرىم يىلدا بىراقلا تىزگىنلىنىپ 2000 يۈەنگە چۈشۈپ، دېھقانلارنىڭ يۈكى زور ھەجىمدە يەڭگىللىدى.

(گۇما ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسىدىن ئابلىمىت توختىۋاقى)

## كوچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نى يەتكۈزۈش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

كوچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق «كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نى يەتكۈزۈش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ يىل 3 - ئاينىڭ بېشىدا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا (بازار) لىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ رەئىسلىرى ۋە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىش كۇرسىدا «كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دىنمۇ دەرس ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە تەۋەسىدىكى 14 يېزا (بازار) غا بېرىپ، كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك بارلىق ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، يېزا (بازار) تەۋەسىدىكى بارلىق كادىرلارغا دەرس ئۆتۈپ تەپسىلىي چۈشەندۈردى. دەرس ئاڭلىغان ئادەم سانى 2000 دىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» غا نىسبەتەن چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشتى. قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بۇ قانۇننى ئۆگەنمەستىن بۇرۇن بەزى جايلاردا كەنت باشلىقلىرىنى سايلاشتا دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلماي كۆرسىتىپ سايلىتىش، ئۆزىتىپ سايلىتىش، ئۆز يېقىنلىرىنى سايلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، دېھقانلار ياخشى كۆرىدىغان، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان كىشىلەر سايلانماسلىقتەك ئەھۋاللار يۈز بەرگەنىدى. «قانۇن» نى ئۆگەنگەندىن كېيىن بۇ خىل ئەھۋاللار ئۆزگىرىپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەندى.

مەسىلەن، مەلۇم بىر يېزىنىڭ بىر كەنتىدە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ باشلىقلىرىنى سايلىغاندا دېھقانلارنىڭ تاللىشىغا يول قويمىغانلىقتىن، دېھقانلار نارازى بولۇپ، ناھىيىگە ئەرز سۇنغانىدى. قانۇننى ئۆگەنگەندىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۆزلىرىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى تونۇپ، باشقىدىن سايلام ئېلىپ بارغان. سايلامدا دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، دېھقانلار ياقتۇرىدىغان كىشىلەرنى سايلاپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن دېھ-

قانلار خۇشال بولۇپ «بۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرىمىز. كادىرلىرىمىز تۇرلۇك قانۇنلاردىن پات - پات خەۋەردار قىلىپ تۇرسا» دېيىشتى.

ئۇزۇن يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچىسىنىڭ رەئىسى راخمان نىياز: «بۇرۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولغاندا مەنمۇ بەزىدە قانۇن بويىچە ئىش كۆرمەي ئۆز ھېسسىياتىم بويىچە ئىش كۆرگەنىدىم. بۇ يىل خ ق ھەيئەت رىياسەتچىسىنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. مەن كۇرسقا قاتنىشىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. كۇرسنى تۈگىتىپ قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىر كەنتتىكى سايلامدىكى خاتالىقنى تۈزىتىشتە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈۋىدۇق، ئىش ئاسان ھەل بولدى، دېھقانلارمۇ خۇشال بولدى. مەنمۇ كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشتىم. بۇرۇن ئىشلار يورۇشمىسا جەرىمانە قوياتتۇق، جەرىمانە قويغانسېرى ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمايتتى. يېقىندىن بۇيان، جەرىمانە قويماي قانۇنغا تايىنىپ ئىش كۆرۈۋىدۇق، ئىشلار بۇرۇنقىدىن ياخشى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيمەن» دېدى.

(كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن غوپۇر راخمان)

## ئىككى جۈپ ئەر - ئايالنىڭ قانۇنسىز نىكاھ مۇناسىۋىتى بىكار قىلىندى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نىكاھ، ئائىلە ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئىزىغا سېلىش ئۈچۈن، يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنغا خىلاپ توي قىلغان ئىككى جۈپ ئەر - ئايالنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلدى ھەمدە بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار كىشىلەرگە جەرىمانە قويۇپ نەقلەشتۇردى.

بۇ ناھىيىنىڭ يەكشەنبە بازار يېزا توختىكا 5 - كەنتىدىكى نۇرمۇھەممەت ئابلىمىت بىلەن بۇخېلىچ سايىت ئاچا - سىڭىللارنىڭ پەرزەنتلىرى، ياسىن رشىت بىلەن باھارگۈل مۆمىن ئاكا - ئۇكىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بىر نەۋرە تۇغقانلار ئىدى. نۇرمۇھەممەت ئابلىمىت بىلەن بۇخېلىچ سايىت 1998 - يىلى 7 - ئايدا، ياسىن رشىت بىلەن باھارگۈل مۆمىن 1998 - يىلى 12 - ئايدا يالغان ئىسپات ياساش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ توي قىلىش گۇۋاھنامىسى ئالغان ھەمدە قانۇنسىز نىكاھ مۇناسىۋىتىدە بولغان. ئاممىنىڭ پاش قىلىشىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىققان. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» ۋە يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ «نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىغا ئاساسەن، 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىككى جۈپ ئەر - ئايالنىڭ قانۇنسىز نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلدى ھەمدە يالغان ئىسپات يېزىپ بېرىپ، قانۇنسىز نىكاھنىڭ شەكىللىنىشىگە شارائىت يارىتىپ بەرگەن توختىكا 5 - كەنتىنىڭ بوغالتىرى ئابابەكرىگە 1000 يۈەن، كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىغا 200 يۈەن، كەنت مۇدىرىغا 200 يۈەن، يەكشەنبەبازار يېزىسىنىڭ سابىق خەلق ئىشلىرى كادىرىغا 500 يۈەن، سىيەك يېزا 2 - كەنت بوغالتىرى غوپۇر توختىغا 1000 يۈەن، سىيەك يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق مۇدىرى ئابلىز غىياسقا 200 يۈەن، يەنە يالغان ئىسپات يېزىشقا شارائىت يارىتىپ بەرگەن بەش كىشىگە 2000 يۈەن، قانۇنسىز نىكاھلانغان ئەر - ئاياللارنىڭ ھەر بىرىگە 500 يۈەندىن جەرىمانە قويۇپ نەقلەشتۇردى.

(يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن ئابلىمىت توختى)

## باي ناھىيىسىدە «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» ۋە «ئوتلاق قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش، ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى كۆزدىن كەچۈرۈلدى

«يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» ۋە «ئوتلاق قانۇنى» نى باي ناھىيىسىدە تېخىمۇ ئىزچىل يولغا قويۇش ئۈچۈن، باي ناھىيىلىك خ ق

دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مۇئاۋىن مۇدىر ئايشەم مۇسا، مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ شورۇڭ باشچىلىقىدىكى كومىتېت ئەزالىرى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرى، سەھىيە ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئوتلاق نازارەت پونكىتى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، دېپانسىو، تېخنىكا نازارەتچىلىك پونكىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ئالاقىدار خادىملاردىن بولۇپ جەمئىي 27 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىككى كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە باي ناھىيە بازار رايونى، سايرام يېزىسى، قىبىمر يېزىسى، چوڭ كۆۋرۈكلۈك يېزىسى، مىرچىغ يېزىسى ۋە تېرەك كان رايونىدا «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» ۋە «ئوتلاق قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش، ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىغا قارىتا كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئورۇنلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشى، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى، يېمەكلىك تىجارەت نۇقتىلىرى، ئوتلاقلار كۆزدىن كەچۈرۈلدى. ئامما ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى كەڭ تۈردە ئاڭلاپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلەپ چىقىپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئايرىم ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان قانۇن تۇرۇپ تايانماسلىق، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىكتەك بىر قاتار گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يەتتە تۈرلۈك تۈزىتىش تەكلىپىنى بەردى.

بۇ ئارقىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇش، قانۇن ـ نىزاملارنىڭ باي ناھىيىسىدە يولغا قويۇلۇش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا بولغان ھىمايەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك كۈچەيتىلىپ، قانۇن ـ تەشۋىقاتنى ياخشى ئىشلەش، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش جەھەتتە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى.

**(باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن قارزۇگۇل مۇھەممەت)**

## چاغراق، گۆلئاۋات ۋە بوزدۆڭ قىرغىز مىللىي يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەكتە

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ چاغراق يېزىلىق، گۆلئاۋات يېزىلىق ۋە بوزدۆڭ قىرغىز مىللىي يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن ۋە خىزمەت نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە، سىياسەت ۋە قانۇن ـ نىزاملارغا تەتبىقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تەۋەسىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشمەكتە. مەسىلەن، چاغراق يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ 1999 ـ يىللىق دىڭۋار داۋالىنىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى يوللىغان دوكلاتتىكى ھەر بىر نوپۇسنىڭ يىللىق داۋالىنىش ئۈچۈن تۆلەشكە تېگىشلىك 32 يۈەننى 28 يۈەنگە ئازايتىپ، قالغان تۆت يۈەننى كەنت كومىتېتى مالىيىسىدىن چىقىم قىلىشنى قارار قىلىپ، يېزا بويىچە دېھقانلار تۆلەشكە تېگىشلىك داۋالىنىش پۇلىدىن 44 مىڭ يۈەننى ئازايتقان. بۇنىڭدىن باشقا بۇ يېزىدىكى 42 نامرات، قىيىنچىلىقى ئېغىر، قېرى، ئاجىز كىشىلەر ئائىلىسى دىڭۋار داۋالاش ئۈچۈن تۆلەيدىغان 7800 يۈەننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنى ھەقسىز داۋالاش، ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىشقا تېگىشلىك بولغاندا، داۋالىنىش چىقىمىنى يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى ئۈستىگە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن. يەنە ئالدىنقى يىللاردا دىڭۋار تۈزۈمى داۋالانغۇچىلار ئىچىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا بېرىپ داۋالىنىپ، داۋالىنىش خىراجىتى ئاتچوت قىلىنمىغان دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ 48 مىڭ 300 يۈەن پۇلنى يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ،

دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ داۋالىنىمىش مەسىلىسىدىكى غەم ـ قايغۇلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەرگەن. چاغىراق يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچى يەنە ئۆز يېزىسىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە توسالغۇ بولۇۋاتقان «چوڭ ـ كىچىك چارۋىلارنى بېقىش ھەققى زىيادە يۇقىرى بولۇش» مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلگىرى يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان چوڭ چارۋىلارنىڭ ھەر بىرىدىن ھەر بىر ئايدا ئېلىنىدىغان 15 يۈەن بېقىش ھەققىنى يەتتە يۈەنگە، كىچىك چارۋىلارنىڭ ھەر ئايلىق بېقىش ھەققىنى يەتتە يۈەندىن ئىككى يېرىم يۈەنگە تۆۋەنلىتىپ، يېزا بويىچە پادىلاردا باقتۇرۇپ كېلىنىۋاتقان خۇسۇسىلارنىڭ 1200 باش چوڭ چارۋىسى، 27750 باش كىچىك چارۋىلىرىدىن ئېلىنىدىغان بېقىش ھەققىدىن جەمئىي 134 مىڭ 475 يۈەننى ئازايتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ چارۋىچىلىق جەھەتتىكى يۈكىنى زور دەرىجىدە يېنىكلىتىپ، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كۆز قارىشىنى يېڭىلاشقا كاپالەتلىك قىلغان.

گۈلئاۋات يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچى، گۈلئاۋات يېزا 5 ـ كەنت دېھقانلىرىنىڭ ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك ئاسراش ھەققى ۋە زەيلىك چېپىش ھەققى يىغىش تارماقلىرىنىڭ دېھقانلاردىن ئۆسۈملۈك ئاسراش ۋە زەيلىك چېپىش ھەققىنى بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇپ يىغىپ، دېھقانلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېرىش توغرىسىدىكى ئەرزىنى ھەيئەت رىياسەتچى ئەزالىرىدىن بىر گۇرۇپپا ئادەم تەشكىللەپ تەكشۈرۈپ، ئىككى خىل تۈردە ئارتۇق يىغىۋېلىنغان 60 مىڭ يۈەننى ۋاقتىدا دېھقانلارغا قايتۇرغۇزغان.

بوزدۆڭ قىرغىز مىللىي يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچى تەۋەلىكىدىكى قىزىلبۇلاق كەنتىدە، كەنت ئىشخانا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كەنتتىكى 360 نوپۇسنىڭ ھەر بىرىگە 25 يۈەندىن سېلىق چاچماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، سېلىق چېچىشنى چەكلەپ، كەنت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىدىن يىغماقچى بولغان 9000 يۈەن سېلىقنى ۋاقتىدا توسۇپ، 360 دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، چاغىراق يېزىلىق ۋە بوزدۆڭ قىرغىز مىللىي يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچى رەئىسلىرى 1998 ـ يىلى ئاخىرىدا خ ق ھەيئەت رىياسەتچى رەئىسلىكىگە سايلانغان يېڭى رەئىسلەردىن بولۇپ، ئۇلار ھازىرغىچە خ ق خىزمىتىدە «ئىزدىنىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش» روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز يېزىلىرىنىڭ خ ق خىزمەتلىرىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا، مىللىي يېزا ۋە بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى خىزمەت نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەردە كۆرسىتىلگەن تەلەپكە يەتكۈزۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

**(ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن تۇرسۇن نۇر)**

## لوپ ناھىيىسىدە خەلق مۇرەسسە خىزمىتى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەنمەكتە

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، نۆۋەتتىكى دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش شۇنداقلا تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن، لوپ ناھىيىسى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە سامپۇلا يېزىسىدا خەلق مۇرەسسە خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، خەلق مۇرەسسە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە پۇختا ئاساس سالدى.

يىغىندا ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى، ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى خەلق مۇرەسسە خىزمىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، رولى، ئەھمىيىتى توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ خەلق مۇرەسسە خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى ھەمدە ناھىيە بويىچە خەلق مۇرەسسە خىزمىتىنى ئۆلچەملىك ھالدا قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇپ، مۇرەسسە تەشكىلاتى ئاجىز، پالەچ

بولۇپ قالغان ئورۇنلاردا مۇرەسسە تەشكىلاتىنى تەرتىپكە سېلىش، مۇرەسسە خادىملىرىنى قايتىدىن سەپلەش، خەلق مۇرەسسە تەشكىلاتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى بىخ ھالىتىدە مۇرەسسە قىلىپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلق مۇرەسسە خىزمىتىدە مۇرەسسە قىلىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە «تۆتتىن خالى بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق، مۇرەسسە خىزمىتىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئاخىرىدا يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلار خەلق مۇرەسسە خىزمىتىنى ئۆلچەملىك ئىشلىگەن سامپۇلا يېزىسىنىڭ قىقۇ كەنتىگە بېرىپ، نەق مەيداننى كۆرۈپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى، ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى، ناھىيىگە قاراشلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ سىياسىي قانۇنغا مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ جەمئىي 40 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

(لوپ ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدىن ئۆتكۈر ئوسمان)

## كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىككى مەھكىمە قارىمىقىدىكى بىر كوللېگىيە بىلەن بۆلۈمنىڭ خىزمەتلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئاتا قىلغان نازارەتچىلىك ھوقۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى بىلەن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەرز - شىكايەت بۆلۈمىنىڭ 99 - يىل ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» دىكى ئالاقىدار ماددىلارنىڭ روھىغا ئاساسەن، سوت خىزمىتى بىلەن تەپتىش ھەرىكىتىنىڭ قانۇندىكى تەلەپكە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقى، قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ قەتئىي ۋە ئادىل بولغان - بولمىغانلىقى، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش ياكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىنىڭ يۈز بەرگەن - بەرمىگەنلىكى، ئۆز قورولۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن - بەرمىگەنلىكى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى. تەكشۈرۈش داۋامىدا ئىككى مەھكىمە باشلىقىنىڭ بىر كوللېگىيە، بىر بۆلۈمنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا ئەھۋال تونۇشتۇرۇش پىكرى ۋە تەۋسىيىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاڭلاپ ئۆتتۈش بىلەن بىرگە يەنە ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيە باشلىقى بىلەن ئەرز - شىكايەت بۆلۈم باشلىقىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە ئىككى مەھكىمىدىكى كادىر - ساقچىلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ئىنكاسلىرىنى ئاڭلىدى.

ۋەكىللەر تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋالغا ئاساسەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1. ئەدلىيىلىك خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ روھلۇق، دادىل، كەسكىن كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشكە يەنىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.

2. ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كەسپىي ئۆگىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خادىملارنىڭ كەسپىي خىزمەت ساپاسىنى، قانۇن - بىلىم ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

3. خادىملار نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە يېقىندىن ئۇي-

غۇنلىشىپ ، قانۇننى توغرا ، ئادىل
ئىجرا قىلىپ ، قانۇننىڭ سۈرىنى
ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشى ، قانۇننىڭ
نوپۇزىنى ، ئىززەت - ھۆرمىتىنى يە-
نىمۇ قوغدىشى لازىم.

4 . ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە
ياخشى ئەھمىيەت بېرىپ ، يۇقىرى
ساپالىق ئەدلىيە قوشۇنى قىلىپ قۇ-
رۇپ چىقىشقا تىرىشچانلىق كۆرسە-
تىشى كېرەك.

5 . قانۇن - تۈزۈم تەشۋى-
قاتىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىپ ،
كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنچىلىق
ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەقىقىي
تۈردە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتىدىن
ياسىن ھاشىم)

**ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومى-
تېتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى
تەشكىللەپ ، دېھقانلارنىڭ يەر
تاشلاپ قويۇش مەسىلىسىنى
تەكشۈردى**

يېقىندا ئۇلۇغچات ناھى-
يىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى
دېھقانچىلىق ئىدارىسى ، پىلان ستا-
تىستىكا كومىتېتى ، يەر باشقۇرۇش
ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بىر
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ،
بۇ ناھىيىنىڭ قىزىلوي يېزىسى ،
قوي فېرما قاتارلىق رايونلارغا بېرىپ
، بىر قىسىم تېرىماي تاشلىنىپ
قالغان تېرىلغۇ يەر مەسىلىسىنى
تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. تەكشۈرۈشتە
دوكلات ئوقۇش ، ئەمەلىي يەرنى تەك-
شۈرۈش ، دېھقان - چارۋىچىلاردىن
ئەھۋال ئىگىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار
قوللىنىلىپ ، بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار
تەپسىلىي ئىگىلەندى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن
قارىغاندا ، قىزىلوي يېزىسى ۋە قوي
فېرمىدا بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ،
گۆيخۇا قىلىنىپ تاشلىنىپ قالغان
ئومۇمىي يەر 590 مو ، ئېچىلىپ تې-
خى گۆيخۇا قىلىنمىغان تاشلىنىپ
قالغان تېرىلغۇ يەر 150 مو ، ئومۇمىي
تاشلىنىپ قېلىنغان تېرىلغۇ يەر
740 موغا يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ يەرلەرنىڭ
تاشلىنىپ قېلىش ئەھۋالىنى ئىگە-
لىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى
بولسا ، بەزى يەرلەرنىڭ سۈيى كەم-
چىل ، بەزى يەرلەرنىڭ شورلىشىشى
ئېغىر بولۇپ ، شورنى چىقىرىۋېتىش
قىيىن ، بەزى يەرلەرنىڭ سېلىنمى-
سى كۆپ بولۇپ ، مەھسۇلاتى تۆۋەن ،
كىرىم - چىقىمنى قاپلىيالمايدۇ .
بەزى كىشىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچى
يېتەرسىز بولغانلىقتىن ، ئوغۇتلاش
ياخشى بولمىغان. مۇشۇ سەۋەبلەر
سەۋەبىدىن ، بۇ تېرىلغۇ يەرلەر بىر
قانچە يىللاردىن بۇيان تاشلىنىپ
قالغان. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ
مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن
كېيىن مەلۇم تەكلىپ ، پىكىرلەرنى
بېرىپ مۇنداق دېدى: ھەر قايسى
كەنتلەر ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە
ئاساسەن تۇپراق ئۈنۈمدارلىقى ياخشى
يەرلەرگە زىرائەت تېرىشى ، زىرائەت
تېرىشقا بولمايدىغان تۇپراق ئۈنۈم-
دارلىقى تۆۋەن يەرلەرگە ئوت - چۆپ
تېرىپ ، چارۋىلارنىڭ چۆپ مەسىلە-
سىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىشى ،
يەنە بەزى يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىشى ،
چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇ-
رۇشقا يېتەكلەش تەكلىپلىرىنى
بەردى.

(ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتىدىن ئالىيول)

**چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي
كومىتېتى خەلق ۋەكىللىرىنى
تەشكىللەپ ، مائارىپ ئىدارى-
سىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئومۇم-
يۈزلۈك تەكشۈردى**

چىرا ناھىيىلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتى بۇ يىل 5 - ئايدا
بىر قىسىم خەلق ۋەكىللىرى ۋە
باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئون
نەچچە كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپى-
سى تەشكىللەپ ، ناھىيە ۋە ئاساسىي
قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، مائارىپ
ئىدارىسىنىڭ «مەجبۇرىي مائارىپ
قانۇنى» نى يولغا قويۇپ ، پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن
ئوتتۇرىغا قويغان «پەن - تېخنىكا
ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش» نى
ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، نامرات رايونلاردا
مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاش-
تۇرۇپ ، خەلقنى نامراتلىقتىن قۇ-
تۇلدۇرۇش ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن-
لاشتۇرۇشنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھ-
ۋالىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ
تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

تەكشۈرۈشتە ئەمەلىي ئۇ-

نۇمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، تەكشۈرۈشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى، مەزمۇنى، ۋاقتى ۋە يېتىدىغان مەقسەت ئايدىڭلاشتۇرۇلدى ۋە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى خادىملارنىڭ تونۇشى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش بىلەن تۆۋەنگە بېرىپ، ھەر قايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش ئەھۋالىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئىگىلەش، يېزا مائارىپ قوشۇمچە راسخوتى ۋە شەھەر مائارىپ قوشۇمچە راسخوتىنى يىغىش، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش، مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۆۋەتتىكى سېلىق ئەھۋالىنى ئىگىلەش، دۆلەت نۆۋەتتە يولغا قويغان «مەجبۇرىيەت مائارىپ قۇرۇلۇشى» ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ ئارخىپلارنى كۆرۈش، دەلىللەش ئېلىپ بېرىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى.

- تەكشۈرۈش ئارقىلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» قاتارلىق مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەجبۇرىي مائارىپنى ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇش دېگەن نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەمەلىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ قاراپ چىقىش جەريانىدا بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر جەريانىدا تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا بىر قانچە تۈرلۈك تەكلىپ ۋە تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىش دوكلاتىنى دائىمىي كومىتېتقا يوللاش تەلەپ قىلىندى. ئۇلار (1) «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ ياخشى تۇتۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش.

(2) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىچىدە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي، نەزەرىيە، كەسپىي ۋە قانۇن - تۈزۈم سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش.

(3) ئايرىم مەكتەپلەردە رەھبەرلىكتە ساقلانغان چېچىلاڭغۇلۇق، ئىنتىپاقسىزلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك مەسىلىلىرىنى تۈزىتىپ، تەڭشەشكە تېگىشلىكلىرىنى تەڭشەش ئارقىلىق رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش.

(4) يېزا ۋە شەھەر مائارىپ قوشۇمچە راسخوتىنى يىغىش، باشقۇرۇش ئىشلىرىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئاۋۋال كىرىم قىلىپ ئاندىن چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش.

(5) مەكتەپلەردە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشتا ئەمەلىي شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەن سالامەتلىكىگە تەسىر يېتىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش.

(6) مالىيە باشقۇرۇشنى داۋاملىق كۈچەيتىش.

(7) ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش.

(8) كەسپىي مائارىپ خىزمىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى داۋاملىق كۈچەيتىش.

(9) قۇرۇلۇش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەپ، سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش.

ئاخىرىدا مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىرى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەريا-

نىدا ۋە دوكلاتقا قاراپ چىقىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويغان ياخشى پىكىر - تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش ئەھۋاللىرىنى قايتا دوكلات قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەنقۇربان ھوشۇر)

## ئونسۇ ناھىيىسىدە ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئارىسىدا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش پائالىيىتى ياخشى قانات يايدۇرۇلماقتا

بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ناھىيىگە قاراشلىق توققۇز يېزا، بىر بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى خىزمىتى ۋە ئىككى دەرىجىلىك ۋەكىللەرنىڭ 99 - يىل ئالدىنقى يېرىم يىللىق پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە، يېزا (بازار) لاردىكى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، نامرات دېھقان - چارۋىچى ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە نامرات ئائىلىلەر بىلەن توختامنامە تۈزۈپ، پەن - تېخنىكا بىلىمى، ئىشلەپچىقىرىش كۆچى، پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر بىلەن ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇرۇپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

بولۇپمۇ بۇ يىل 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا چاقىرىلغان «مەركەزنىڭ تەرەققىيات ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يىغىنى» دا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت يەنىمۇ سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، نامرات رايونلاردىكى كادىرلار ۋە ئامما تېخىمۇ پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قەتئىي بوشاشماي جاپالىق ۋە ئەمەلىي ئىشلەپ، نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك» دېگەن مۇھىم سۆزىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئىشەنچكە كېلىپ نامرات ئائىلىلەرنى يۆلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئەمەلىي ياخشى ئىشلارنى قانات يايدۇرغان. مەسىلەن، ئونسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 325 نەپەر ۋەكىل بۇ يىل ئىچىدە 1937 نوپۇسقا ئىگە 502 نامرات دېھقان - چارۋىچى ئائىلىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئالغان، نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان ۋەكىللەر ئومۇمىي يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سانىنىڭ 63% نى ئىگىلىگەن.

نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان ۋەكىللەر نامرات ئائىلىلەرگە بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 23 مىڭ 86 يۈەن نەق پۇل، 10 مىڭ 861 كىلوگىرام ئاشلىق، 2490 كىلوگىرام خىمىيىۋى ئوغۇت، 15 مىڭ 35 يۈەن قىممىتىدە ئەمگەك كۆچى، چارۋا، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى ھەقسىز ياردەم قىلغان. ھەقسىز بېرىلگەن ياردەمنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 53 مىڭ 211 يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭدىن باشقا 149 نەپەر يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 390 نامرات ئائىلىگە نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندا قايتۇرۇش ئۈچۈن 219 مىڭ 630 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بەرگەن، ئونسۇ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يېزىلاردا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرىدىن 69 ۋەكىلى 99 - يىلى 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە 485 نوپۇسى بار 118 نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارغا ئومۇمىي قىممىتى 20 مىڭ 644 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل، ئاشلىق، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلىرى ۋە ئەمگەك كۆچى قاتارلىقلار بىلەن ھەقسىز ياردەم قىلغان.

42 ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بۇ يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش تېرىلغۇ مەبلىغى جەھەتتىن قىيىنچىلىق تارتقان 112 نامرات ئائىلىگە 71 مىڭ 700 يۈەن نەق پۇل ئۆسۈمسىز قەرز بەرگەن. ئونسۇ ناھىيىسىدە ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىسى تىكلىنىپ، بۇ يىل ئاخىرىدا نامراتلىق قالپىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن چۆرۈپ تاشلاش غەيرىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە.

(ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن تۇرسۇن نۇر)

## ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشتا ئالتە ئىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك

ئەرز قىلىشتا ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشتىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. ئادۋوكات تەكلىپ قىلغاندا مۇنداق ئالتە ئىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

1. ئادۋوكاتلىق ئورنى بىلەن ھاۋالە ۋە ۋاكالەت توختامى تۈزمەسلىكتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

قانۇننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، ئالاقىدار كىشى ئادۋوكات تەكلىپ قىلغاندا، ئادۋوكات تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن ھاۋالە ۋە ۋاكالەت توختامى ئىمزالىشى، ئادۋوكاتلىق ئورنى ئادۋوكات ۋاكالەتچىسى ئەۋەتىشى كېرەك (ئادۋوكاتلىق ئورنى ئادەتتە ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. ھاۋالە قىلغۇچى بېكىتكەن ئادۋوكات ۋاكالەتچىسىگە يول قويىدۇ، ئەلۋەتتە)، ئادۋوكاتنىڭ ئۆز مەيلىچە دېلو قوبۇل قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر ئادۋوكاتلىق ئورنى بىلەن ھاۋالە ۋاكالەت توختامى تۈزمەي، ئادۋوكاتنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن ئالاقىدار كىشىگە زىيان كېلىپ چىقسا، ئادۋوكاتلىق ئورنى تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئەگەر تالاش-تارتىش يۈز بەرسە، سىزنىڭ ۋاكالەتچى بىلەن بولغان ھوقۇق مەجبۇرىيىتىڭىز يازما ئىسپات بولالمايدۇ.

2. ئادۋوكاتقا بېرىلگەن ۋاكالەت ھوقۇقىنىڭ ئېنىق بولماسلىقىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

ئادۋوكاتلىق ئورنى ئادۋوكات ۋاكالەتچىسىنى بېكىتكەندىن كېيىن، ھاۋالە قىلغۇچى ھوقۇق بېرىش ھاۋالىنامىسىنى يازغاندا، ئادۋوكاتنىڭ ۋاكالەت ھوقۇق دائىرىسىنى بىرمۇبىر ئېنىق يېزىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئادۋوكاتنىڭ دەۋا ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى ياكى قارشى تەرەپتىكى ئالاقىدار كىشىنىڭ دەۋا تەلىپىنى ئېتىراپ قىلىشىدا ئالاھىدە ھوقۇق بېرىلىدىغان مەزمۇننى ئېنىق قىلىپ بىرمۇبىر يېزىش، «تولۇق ھوقۇقلۇق ۋاكالەتچى»، «تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل» دەپ قارا قويۇق يازماسلىق كېرەك. بېرىلگەن ھوقۇق دائىرىسىدە تالاش-تارتىش يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ئادۋوكاتنىڭ ئالاقىدار كىشىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

3. ئۆز مەيلىچە ئادۋوكاتقا ۋاكالەت ھەققى بېرىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

قانۇننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، ئادۋوكاتنىڭ خالىغانچە ھەق ئېلىشىغا بولمايدۇ. ۋاكالەت ھەققى ئالاقىدار كىشى بىلەن توختام تۈزگەن ئادۋوكاتلىق ئورنىغا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. ئەگەر ئۆزى بىلگەنچە ئادۋوكاتقا ۋاكالەت ھەققى بەرسە، ئادۋوكاتلىق ئورنى ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بەزى ھاۋالە قىلغۇچىلار ئادۋوكاتنىڭ ئۆزىنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا كۈچ چىقىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئادۋوكاتقا ئارتۇقچە ھەق ياكى مال-مۈلۈك بېرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى ئادۋوكاتنىڭ ئارتۇقچە ھەق ياكى مال-مۈلۈكنى قوبۇل قىلىشىغا قانۇن يول قويمايدۇ.

4. ئادۋوكاتقا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتماسلىقتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

ئەگەر ئادۋوكاتقا دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېيتمىغاندا، ئادۋوكات دېلونى ئانالىز قىلغاندا ياكى ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقارغاندا خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. ئاخىرىدا يەنىلا ئالاقىدار كىشى زىيان تارتىدۇ.

5. ئادۋوكاتنىڭ سوتچىغا پارا بەرگەنلىكىگە ئىشىنىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

بەزى ئادۋوكاتلار بەزىدە ئالاقىدار كىشىگە سوتچىغا پارا بېرىشنى ئۆگىتىدۇ. بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

6. ئادۋوكاتنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىگە ئىشىنىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

بەزى ئادۋوكاتلار بەزىدە ئالاقىدار كىشىنى ئازدۇرۇپ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە يوشۇرۇنچە كۆرسەتمە بېرىدۇ. بۇ خىل ئەخمىقانە ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىق كېرەك. يالغان گۇۋاھلىق بېرىش يېنىك بولغاندا ئەرز قىلىشقا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدۇ، ئېغىر بولغاندا جىنايەت شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا بۇ قىلتاققا ھەرگىز چۈشۈپ قالماسلىق كېرەك.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1999-يىل 30-مايدىكى سانىدىن) مامۇت ئابلىز تەرجىمىسى

## مېڭىنى ساغلاملاشتۇرۇش يېمەكلىكى C، B، A

ئادەمنىڭ مېڭىسىدە تەخمىنەن 14 مىليارد مېڭە ھۈجەيرىلىرى بولۇپ، ھەر كۈنى 86 مىليون تۈرلۈك ئۇچۇرنى خاتىرىلىيەلەيدۇ. ئاشۇنداق جىددىي خىزمەت قىلىدىغان مېڭە ھۈجەيرىلىرى ئاچ قالسا (ئوزۇقلۇق يېتىشمىسە)، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ئۇنداقتا قانداق يېمەكلىكلەر مېڭىنى ساغلاملاشتۇرىدۇ؟

1. گىلوكوزا. چوڭ مېڭە ئەنئەنىۋى ئاقسىل، ماي ۋە شېكەر قاتارلىق ئۈچ چوڭ ئوزۇقلۇق ئىچىدە گىلوكوزىنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. گىلوكوزا مېڭە قان توسىقىدىن ئۆتكۈنچىلىك ئۆتۈپ مېڭە توقۇلمىلىرىغا كىرىپ، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىنىدۇ. ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغاندا، گىلوكوزىنىڭ سەرپىياتى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار مۇۋاپىق تۈردە تاتلىق چىلان شەربىتى قاتارلىقلارنى تولۇقلاپ ئىستېمال قىلىپ تۇرسا، چوڭ مېڭىنى يېتەرلىك ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەپ تۇرغىلى بولىدۇ. ئىلمىي تەتقىقاتتا ئىسپاتلىنىشىچە، ئەتىگەنلىك تاماقنى تويۇپ يېيىش، ئوبدان يېيىش كېرەك ئىكەن، بۇ قان شېكىرى (گىلوكوزا) نى ۋە بىر كۈنلۈك خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ساقلاپ قېلىشتا ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەن.

2. ئاقسىل. ئاقسىل ھاياتلىقنىڭ ماددىي ئاساسى. بولۇپمۇ پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە خاتىرىنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار كۈنىگە 80 گىرامدىن 180 گىرامغىچە ئاقسىل تولۇقلاپ تۇرۇش كېرەك، بۇنىڭ ئىچىدە % 60 ى ھايۋانات ئاقسىلى بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ئاقسىلدىكى گىلوتاتسىيوننى چوڭ مېڭە ئەڭ قارشى ئالىدۇ. گىلوتاتسىيوننىڭ ئوكسىدلىنىشقا قارشى رولى بولۇپ، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك ئاشۇرالايدۇ. بۇ ماددا ھايۋانلارنىڭ جىگىرى ۋە بېلىق گۆشىدە ئەڭ مول بولىدۇ.

3. ۋىتامىن C، B، A قاتارلىقلار. بولۇپمۇ ۋىتامىن B شېكەرنى ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرالايدۇ. شۇڭا، ئەقلى ئەمگەك بىلەن دائىم شۇغۇللانغۇچىلار مېۋە-چېۋە، كۆكتات، خاسىڭ ۋە پۇرچاقتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىك قاتارلىق ۋىتامىن مول بولغان يېمەكلىكلەرنى تولۇقلاپ تۇرۇشى كېرەك.

دەرۋەقە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «يېمەكلىكلەر تىزىملىكى» دىن باشقا، چوڭ مېڭە كالتىسي، فوسفور، كالىي، تۆمۈر قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلارغىمۇ ئېھتىياجلىق. ئەگەر كىشىلەر مېڭىنى قانچە ساز تۇتىمەن دەيدىكەن، چوڭ مېڭىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن «يېيىش» ئىلمىنى تەتقىق قىلىپ تۇرۇش كېرەك.

ھەبىبۇللا ئىمىن تەرجىمىسى

## يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر قايسى جەھەتتىن دائىم تەكشۈرتۈپ تۇرۇشى كېرەك

يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ۋاقتى - ۋاقتىدا دورا يەپ داۋالانغاندىن باشقا، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىنىڭ ساقىيىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، يەنە بەزى زۆرۈر بولغان تەكشۈرۈشلەرنى قىلدۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى يۈرەك، مېڭە، بۆرەك قاتارلىق ئەزالاردا كېسەل پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، (1) بۆرەكنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرتۈش كېرەك. بۆرەكنىڭ ئىقتىدارىنى بىلىش ئۈچۈن، قاندىكى جىگەر ۋە نىياۋسۇدىن قاتارلىق ماددىلارنى تەكشۈرتۈش ئارقىلىق، سۈيدۈكتە ئاقسىل بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلاش كېرەك. (2) قان ۋە سۈيدۈكتىكى شېكەر مىقدارىنى ئۆلچەش ۋە كاربوھىدراتقا چىدامچانلىقىنى سىناش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ئاسانلا دىئابېت كېسىلى، تاجىسىمان يۈرەك قان تومۇر كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. قان ۋە سۈيدۈكتىكى شېكەر مىقدارىنى ئۆلچەش ۋە كاربوھىدراتقا چىداملىقىنى سىناش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىش دىئابېت كېسىلىنى بالدۇر بايقاشقا پايدىلىق، شۇنداق بولغاندا ئۇنى بالدۇر داۋالىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدىغان دورىلار ۋە

قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش رولىغا ئىگە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدىغان دورىلار قاندىكى شېكەر ماددىسىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ ياكى كاربوھىدرىدقا چىدامچانلىقنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. دورىنىڭ قوشۇمچە تەسىرىگە ھۆكۈم قىلىش ۋە ئۇنى ۋاقتىدا كۆزىتىش ئۈچۈن، داۋالاشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قان ۋە سۈيدۈكتىكى شېكەر ماددىسى ھەم كاربون ھىدرىدقا چىداملىقىنى ئۆلچەش كېرەك. (3) قاندىكى كالتىسىي ۋە سۈيدۈك كىسلاتاسىنى ئۆلچەش كېرەك. بۇ قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش دورىلىرى پەيدا قىلغان يۇقىرى كالتسىيلىق قان كېسىلى ۋە يۇقىرى سۈيدۈك كىسلاتالىق قان كېسىلىنى بايقاشقا پايدىلىق. (4) تاجسىمان يۈرەك قان تومۇر كېسەللىنى ئاسان پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنى بايقاش ۋە ۋاقتىدا داۋالاش ئۈچۈن، قاندىكى خولېستېرىن ۋە كلىتسېرىننى ئۆلچەش كېرەك. (5) ئېلېكترولىتنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قاندىكى كالىي مىقدارىنى ئۆلچەش كېرەك، مەسىلەن، شۇبېشەن دورىسىنى ئۇزاق مۇددەت ئىچسە، قاندا كالىي ئاز بولۇش كېسىلى كېلىپ چىقىدۇ. (6) ئېلېكتروكاردىئوگراما بىلەن يۈرەك ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى بولىدۇ. بۇنداق تەكشۈرۈش ئارقىلىق يۈرەككە قان يېتىشمىگەن ـ يېتىشمەيدىغانلىقىنى، يۈرەكنىڭ سول دالانچىسىنىڭ قېلىنلىغان ـ قېلىنلىمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. (7) كۆكرەكنى رەسىمگە ئېلىش غول قىزىل تومۇرنىڭ كېڭەيگەن ـ كېڭەيمىگەنلىكى، سوزۇلغان ـ سوزۇلمىغانلىقى قاتارلىقلارنى كۆزىتىشكە پايدىلىق بولۇپ، بۇ ئارقىلىق يۈرەك قان تومۇرنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىقى تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق، دورىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، قانداق دورىنى يېسە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، يۈرەك، مېڭە، بۆرەك قاتارلىق مۇھىم ئەزالارنىڭ زەخىملىنىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(بېبى)

## قايسى ماددىلار ئادەمنى تېز قېرىتىۋېتىدۇ؟

1. ئاليۇمىن، ئاليۇمىندىن ئىشلەنگەن قازان، داس، كەپكۈر، چۆمۈچ؛ غەربچە دورىلاردىن گاستروپىن، ئاليۇمىن ھىدروكسىدى قاتارلىقلاردا ئاليۇمىن تەركىبى بولىدۇ. ئادەم بەدىنى ئاليۇمىننى ھەددىدىن ئارتۇق قوبۇل قىلسا، نېرۋا توقۇلمىلىرى ئىچىدىكى ئېرسىيەت ماددىسى دېسوكسىرىبوزا كىسلاتاسىنىڭ رولىنى بىراقلا يوقىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ياشانغانلار دۆتلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى تېز قېرىپ كېتىدۇ.

2. ئىس ـ تۈتەك، مەش ئوتى، چاڭ ـ توزان قاتارلىق بۇلغانغۇچى گازلار نەپەس ئارقىلىق ئۆپكىگە كىرىپ، تومۇرلاردىكى قانغا سىڭىدۇ، بۇنىڭ زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. بولۇپمۇ تاماكا ئىسى ئۆپكىگە كىرگەندە، نىكوتىن، كوكس مېيى ۋە كاربون چالا ئوكسىدى خولېسترىن چۆكمىسى بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قان تومۇرلار قېتىشىپ، ئادەمنىڭ قېرىشىنى تېزلىتىۋېتىدۇ.

3. ھاراق. ھاراق كۆپ مىقداردا ياكى دائىم ئىستېمال قىلىنسا، جىگەر زەھەرلىنىپ، ئىششىش، ئىقتىدارى ئاجىزلىشىش، ئورۇق غەيرى تەبىئىي يېتىلىش، ئەرلىك جىنسى ئاجىزلىشىش كېلىپ چىقىدۇ؛ ئاياللاردا بولسا، ھەيز قالايمىقانلىشىش، تۇخۇم چىقىرىشتىن توختاش، جىنسى تەلەپ ئاجىزلىشىش قاتارلىق ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ.

4. تۇزغا چىلانغان سەي. تۇزغا چىلانغان سەيدە نىترات تۇزلىرى بولىدۇ. سەي تولۇق چىلانمىغان بولسا، تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۈچەي يوللىرىدىكى مىكروبلارنىڭ رولى بىلەن زەھەرلىك نىتراتقا ئايلىنىدۇ، بۇ ئادەمنى زەھەرلەيدۇ ۋە ئادەمنى بۇرۇن قېرىتىۋېتىدۇ.

5. زەمبۇرۇغ. سېرىق ئىچىتقۇلۇق زەمبۇرۇغ بۇلغانغان خاسىڭ، سېرىق پۇرچاق، قوناق، تاتلىق ياڭيۇ قېقى، گۆش، ماي قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلىنسا ئادەم زەھەرلىنىدۇ. يېنىكرەكلىرىنىڭ بېشى قايىدۇ، يۈرىكى سالىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ، ئىچى سۈرىدۇ، قېرىشنى تېزلىتىدۇ، ئېغىرراق بۇلغانغانلىرى كېسەل بولىدۇ، ھەتتا راك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ.

6. سۇ دېغى. چۆگۈن، بوتۇلكا قاتارلىقلار ئۇزاق ۋاقىت ئىشلىتىلگەندە، تېگىگە سۇ دېغى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنى تازىلىۋەتمەي، داۋاملىق ئاشۇ قاچىلار بىلەن سۇ ئىستېمال قىلىنسا، ھەزىم قىلىش، نېرۋا، سۈيدۈك چىقىرىش ۋە قان ئىشلەش سىستېمىسىدا كېسەل پەيدا بولۇپ، ئادەمنى بالدۇر قېرىتىۋېتىدۇ.

7. كۆكىرىپ قالغان يېمەكلىك. ئىچىپ قالغان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكلەردە زەھەر، باكتېرىيە بولىدۇ، ئۇنداق يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە بولمايدۇ، ئەگەر يېسە ئىچى سۈرۈش، ئۈچەي ياللۇغى، تولغاق بولۇپ قالىدۇ، ئادەمنى بالدۇر قېرىتىۋېتىدۇ.

(جۇۋ مىڭشىڭ رەتلىگەن)

ھەبىبۇللا ئىمىن تەرجىمىسى

## جوئېنلەي چېن جىڭرۇننى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان

1974 - يىلى زۇڭلى جۇئېنلەي ئالاقىدار تارماقلارغا تېلېفون بېرىپ، چېن جىڭرۇننىڭ 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويغان

بەزىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرغان ھەمدە تەشكىلنىڭ نامى بىلەن جوزۇڭلىنىڭ تەكلىپىنى توسماقچى بولغان. ئۇلار ئالاقىدار تارماقلارغا قاتراپ چېن جىڭرۇننىڭ ئاتالمىش «سىياسىي بىلەن ھېسابلاشماي، ئاق ئىختىساسلىشىش يولىدىلا ماڭغان» لىق ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىپ، ئاقىۋەتتە قاتتىق بۇرنىغا يېگەن. بۇنداق خاتالىقلارغا تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرىدىغان سەزگۈر جوزۇڭلى قۇرۇلتاي تەييارلىق گۇرۇپپىسىغا، چېن جىڭرۇننى ئۆزىنىڭ گۇرۇپپىسىغا بىۋاستە كىرگۈزۈپ قويۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن.

چېن جىڭرۇن يوۋاش ئادەم بولۇپ، ئۇ 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان بىر خىل قايناق ھېسسىيات ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىنى قاتتىق لەرزىگە سالغان. ئۇ قۇرۇلتاي ئېچىلىشقا ئاز قالغاندا، ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرۇپ، يوتقان - كۆرپە، يۈز يۇيىدىغان داس، چىش چوتكىسى قاتارلىق يۇكتاقلىرىنى تەييارلاپ يولغا چىققان. ئۇ يىغىن دېگەنگە ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ يۇكتاقىنى ئېلىپ بېرىپ قاتنىشىدۇ، دەپ ئويلىغان. داڭقى ھەممە ياققا تارالغان چېن جىڭرۇن بارلىق يۇكتاقلىرىنى كۆتۈرۈپ بېيجىڭدىكى بىر ئالىي مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ۋەكىللەرنى كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان خىزمەتچى خادىملار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈشۈپ كېتىشكەن. ئۇلار چېن جىڭرۇنغا يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن يۇكتاق ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتقاندا، چېن جىڭرۇن ھاڭ - تاڭ قالدى ۋە كۆڭلىدە، يۇكتاقلارنى ئۆزىمىز ئەكەلمىسەك، نەدە ئۇخلاپ، نېمە ئىشلىتىدىغاندىمىز! دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئويلىغىنىدىن ھەيران قېلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى، چېن جىڭرۇن ئەزەلدىن مېھمانخانىدا يېتىپ باقمىغانىدى.

1975 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلىدۇ. چېن جىڭرۇن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىۋاتقان زۇڭلى جۇئېنلەيگە قاراپ، زادىلا ھاياجىنىنى باسالمايدۇ. ئۇ كېچە - كۈندۈز ئالدىراش ئىشلەيدىغان جوزۇڭلى قانداق قىلىپ مېنى ئېسىدە تۇتقاندۇ؟! دەپ زادىلا تېگىگە يېتەلمەيدۇ.

قاھار تەرجىمىسى

## مەملىكىتىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى 60 مىليوندىن ئاشتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ خەۋەر تېپىشىچە، 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەملىكىتىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 61 مىليون بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى مەملىكەت نوپۇسى ئومۇمىي سانىنىڭ 5.1% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال پارتىيە ئەزالىرى 10 مىليون 290 مىڭ بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 16.6% نى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى 3 مىليون 790 مىڭ بولۇپ، 6.1% نى ئىگىلەيدۇ.

ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، 35 ياشتىن تۆۋەن پارتىيە ئەزالىرى 14 مىليون 280 مىڭ بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 23.1% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 25 ياشتىن تۆۋەن بولغانلىرى 2 مىليون 860 مىڭ بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 4.6% نى ئىگىلەيدۇ. پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىدا تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار 29 مىليون 190 مىڭ بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 47.2% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار 11 مىليون 20 مىڭ بولۇپ 17.8% نى ئىگىلەيدۇ. ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار 310 مىڭ بولۇپ 0.5% نى ئىگىلەيدۇ.

خانزورەم ئابدۇرېشىت تەرجىمىسى

# ئاجايىپ دۆلەتلەر

سۇ يوق دۆلەت كۇۋەيت — دۆلەت زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق بولغاچقا دەريا، ئۆستەڭ يوق، 1 مىليون 600 مىڭ نوپۇس ئاشلىق، كۆكتاتنى ئىمپورت قىلىشقا تايىنىدۇ.

پاتقاق يوق دۆلەت ناۋرو — بۇ مارجان خادا تاشلىرىدىن شەكىللەنگەن ئارال دۆلىتى بولۇپ، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان خىمىيىلىك ئۆزگىرىش ئارقىلىق، ئارالدا ئون مېتىر قېلىنلىقتىكى بىر قەۋەت ئەلا سۈپەتلىك فوسفات كىسلاتا تۇزى شەكىللەنگەن، بۇ دۆلەت كۆپ مىقداردا فوسفات كىسلاتا تۇزى ئېكسپورت قىلىپ، ئۆسۈملۈك ۋە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىش ئۈچۈن، لاي ئىمپورت قىلىدۇ.

تېرىلغۇ يېرى يوق دۆلەت موناكو — بۇ دۇنيادىكى يەر كۆلىمى ئەڭ كىچىك دۆلەت بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىككى كۋادرات كىلومېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ دۆلەتتە تېرىلغۇ يەر ياكى يېزا ئىگىلىكى يوق، پەقەت قورۇلۇش ۋە باشقا ئەسلىھەلەرلا بار.

ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى يوق دۆلەت سان مارىنو — ئەگەر بۇ دۆلەتتە ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ قالسا، قوشنا دۆلەت ئىتالىيىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

(«جۇڭگو تەرمىلەر گېزىتى» 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانىدىن) زۇلپىيە ياقۇپ تەرجىمىسى

## 1999 - يىلى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدىغان ئاۋمېنغا ساياھەت

چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى كۆپلىگەن كىشىلەر ئاۋمېننى پەقەتلا بىر يېرىم ئارال دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئارال — لوخۇەن ۋە داگزەيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ لوخۇەن بىلەن داگزەينى ساياھەت قىلماسلىق ئاۋمېننى ساياھەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن زور زىيان ھېسابلىنىدۇ.

داگزەي بىلەن لوخۇەننىڭ مۇھىتى گۈزەل، ساياھەت قىلىشقا باب كېلىدىغان بولۇپ، ئاۋمېندىكى ئارام ئېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ياخشى جايدۇر. ئىمارەتلىرى ھەيۋەتلىك ئاۋمېن ئونىۋېرسىتېتى ۋە بەيگە مەيدانى، كەيىۋ مېھمانخانىسى، يېڭى ئەسىر مېھمانخانىسى، 19 - ئەسىر ئولتۇراق ئۆي ئۇسلۇبىدىكى مۇزېي قاتارلىقلار داگزەيدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

داگزەي ئارىلىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ ئىبادەتخانا بولۇپ، تاغقا يانداش جايلاشقان، قەدىمكى پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. ئىبادەتخانا ھويلىسىدا خىلمۇخىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، بامبۇكلار سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. يېقىندا سېلىنغان داشيۇڭ قەسرى تېخىمۇ قەدىمكى ئۇسلۇبتا بولۇپ، بۇددا ئىبادەتخانىسىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

داگزەيدە بۇتخانىلار ئىنتايىن كۆپ، ئايلايلۇق: گۇەندى بۇتخانىسى، بېيدى بۇتخانىسى، تيەنخۇ بۇتخانىسى، سەنپو بۇتخانىسى، گۇەنيىن بۇتخانىسى قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدىكى دېڭىزغا قارىتىپ سېلىنغان گۇەنيىن بۇتخانىسى تاغقا يانداش، دېڭىزغا قاراپ تۇرغان بولۇپ، ئارقىسىدىكى ئاۋمېن ئونىۋېرسىتېتى بىلەن ھۆسن تالىشىپ تۇرىدۇ.

داگزەي شەھىرى ئىچىدە ئاشپۇزۇللار ئىنتايىن كۆپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېندا داڭقى بار. مۇئاۋ ئوزۇم ئاشخانىسى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. بۇنىڭدىن سىرت يەنە نۇرغۇنلىغان ئاشپۇزۇللار مېھمانلارنى مېزىلىك تاماقلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. كەچ كىرىپ چىراغلار يېقىلىشقا سىرتقا يېيىلغان كاۋاپ، پىۋە ساتىدىغان يايمىچىلاردىن كاۋاپنىڭ مېزىلىك ھىدى ئەتراپقا تارىلىپ، رومكىلار سوقۇشتۇرۇلغان چاغدىكى خۇشال ئاۋازلار ئەتراپنى قاپلاپ، كىشىگە شادلىق ئاتا قىلىدۇ.

كەيىۋ مېھمانخانىسى بىلەن يېڭى ئەسىر مېھمانخانىسى داگزەي ئارىلىدىكى ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانا. ئاۋمېن بەيگە مەيدانى داگزەي ئارىلىدىكى ئەڭ چوڭ كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى. بۇلار ھەممىسى ساياھەتچىلەر كۆرۈپ كېلىشكە تېگىشلىك جايلاردۇر.

ئەمدى لوخۇەنگە كەلسەك، ئۇ تېخىمۇ چوڭ بولۇپ، ئارالنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدا تاغ، دەل دەرەخ، دېڭىز ساھىلى، تەبىئىي دېڭىز قولتۇقى، يۇيۇنۇش ئورنى بار، مەنزىرىسى بەكمۇ گۈزەل.

ئۇنىڭدىكى شى پەيۋەن قولتۇقى بويىدىكى دالا باغچىسى، قاراقۇم ۋە بامبۇك قولتۇقى ساھىلى ئەڭ داڭلىق.

شى پەي قولتۇق بويى دالا باغچىسى 20 گېكتار كېلىدىغان بولۇپ، ئىچىدە مەيدان، ئاققۇ كۆلى، قۇشلار جەننىتى، فونتان، سۈنئىي شاقىراتما ۋە جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى باغچا قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭ ئىچىدىكى قۇشلار جەننىتى 900 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، 100 خىلدىن ئارتۇق قۇش بېقىلىدۇ.

باغچا ئىچىدە يەنە تۇپراق ۋە تەبىئەت مۇزېيى بولۇپ، ئۇ ئاۋمېننىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى، شىدى ئارىلىنىڭ تېرىقچىلىق سايمانلىرى، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك ئەھۋالى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرى، دورا ئۆسۈملۈكلىرى قاتارلىق بەش بۆلەككە بۆلۈنگەن. ساياھەتچىلەر بۇنىڭدىن ئاۋمېننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى چۈشىنىپلا قالماستىن، يەنە شىدى ئارىلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزەلەيدۇ.

قاراقۇم ساھىلى ھىلال ئاي شەكلىدە بولۇپ، قۇمى قارا بولغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغان. ساھىل ئىنتايىن كەڭ ھەم تەكشى بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 10 مىڭ ئادەم سۇ ئۈزەلەيدۇ. ھەر يىلى يازدا بۇ يەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ، ئىنتايىن قىزىپ كېتىدۇ.

بامبۇك قولتۇقى دېڭىز مۇنچىسى شەھەردىن يىراقراق بولسىمۇ، لېكىن قاتنىشى ئىنتايىن قولايلىق ھەم ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن تولۇق. سۇ ئۈزۈش مەيدانى، كىيىم يۆتكەش ئۆيى سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بامبۇك قولتۇقى مېھمانخانىسى بار. لوخۇەندە تەن گۇڭ بۇتخانىسى، تيەنخۇ بۇتخانىسى ھەمدە شېڭ فاڭجى چېركاۋى قاتارلىق دىنىي سورۇنلار بار، ساياھەتچىلەر بۇ يەرنى كۆرسە، جۇڭگوچە بۇتخانىلار ۋە غەربچە چېركاۋلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان قۇرۇلۇش ئۇسلۇبلىرىدىن ھوزۇرلىنالايدۇ ۋە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان دىنىي كەيپىياتلارنى ھېس قىلالايدۇ.

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر يېرى شۇكى، قاراقۇم ساھىلى يېنىغا جايلاشقان بەش يۇلتۇزلۇق ۋېنستون مېھمانخانىسىنىڭ مۇھىتى ياخشى، ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ، ساياھەتچىلەر دەم ئالىدىغان ياخشى جايدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاۋمېننىڭ ساياھەت نۇقتىلىرىدىن يەنە تيەنخېگە يېڭى ياسالغان خەلقئارا ئايرودروم، سۇن جۇڭشەن خاتىرە سارىيى، ماگې بۇتخانىسى، لىن زېشۇ خاتىرە سارىيى، داسەنبا خاتىرە راۋىقى، زەمبىرەك سۇپىسى، ئاۋمېن مۇسابىقە ئاپتوموبىللىرى سارىيى، ئۈزۈم ھارىقى مۇزېيى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ھەممىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل.

قەدىرىيە ھەبىبۇللا

تەرجىمىسى

## ئاۋمېندىكى 10 چوڭ مەنزىلىك جاي

خەلقئارا ئايرودروم: داڭزەي رايونىغا جايلاشقان ئاۋمېن خەلقئارا ئايرودرومىنى 1995 ـ يىلى ياسىغان. بۇ ئايرودروم ئايروپىلان توختاش مەيدانى، ئايروپىلان ئۇچۇش ـ چۈشۈش يولى، ئايروپىلان سىيرىلىپ ئۇچۇش كۆۋرۈكى ۋە ئايروپىلان كۈتۈش بىناسى قاتارلىق تۆت چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان توختاش مەيدانى، ئايروپىلان ئۇچۇش ـ چۈشۈش يولى ۋە ئايروپىلان سىيرىلىپ ئۇچۇش كۆۋرۈكى دېڭىزنى تىندۇرۇپ ياسالغان. بۇنىڭغا كەتكەن مەبلەغ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پەقەت ئايروپىلان ئۇچۇش ـ چۈشۈش يولى ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دېڭىزنى تىندۇرۇپ، سۈنئىي ئارال بەرپا قىلىشقىلا 4 مىليارد 280 مىليون ئاۋمېن دوللىرى كەتكەن. ئاۋمېن خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ ياسىلىشى ئاۋمېن ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئاۋداڭ كۆۋرۈكى: بۇ كۆۋرۈك 1993 ـ يىلى ياسالغان، دېڭىز يۈزىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، داڭزەينىڭ شىمالىي قىرغىقى بىلەن شىنكوۋئەن قىرغىقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4700 مېتىر، ئاۋداڭ كۆۋرۈكى ياسالغاندىن كېيىن ئاۋمېن ئارىلى بىلەن داڭزەي ئارىلى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش قىيىن بولۇش مە-

سىلىسى ھەل قىلىنىپلا قالماستىن، ئاۋمېننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىغا شەرەپ بەخش ئەتتى. يېڭى ئاۋدالڭ كۆۋرۈكىگە يىراقتىن نەزەر سالسىڭىز گويا دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەنھۈسەن ئىككى ئارالنى قوينىغا ئېلىپ تۇرغاندەك، ئاۋمېن بىلەن داڭزەي ئارىلىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

شەھەر باغچىسى: ئاۋمېندا ئەڭ چوڭ باغچا — جۇڭشەن باغچىسى بولۇپ، بۇ باغچا 1990 - يىلى قۇرۇلغان. باغچا ئىچىگە سۇن جۇڭشەننىڭ مىس ھەيكىلى قاتۇرۇلغان. باغچىدىكى شىپاڭ ۋە ئايۋانلار، سۈنئىي تاغ ۋە كۆللەر، ئەگرى - بۈگرى كەتكەن يوللار ۋە چوڭقۇر جىمجىت جىلغىلار ئاۋمېنلىقلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان ياخشى سورۇنىدۇر.

سۇڭشەن تېغى: سۇڭشەن تېغى ئاۋمېن ئارىلىدىكى ئەڭ ئېگىز تۆپىلىك بولۇپ، سۇڭشەن تېغى ئۈستىدە بىر چىراغ مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. 300 يىللىق تارىخقا ئىگە سۇڭشەن زەمبىرەك سۇپىسى بىلەن سۇڭشەن چېركاۋى بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ، سۇڭشەن تېغىدىكى ئۈچ قەدىمكى مىراس بولۇپ قالغان. سۇڭشەن تېغىدىن يىراققا نەزەر سالسىڭىز ئاۋمېننىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى كۆزىڭىزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

لۇلىيەنرو باغچىسى: بۇ باغچا 1904 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنى چوڭ قىمار سودىگىرى، سابىق ئاۋمېن سودا ئۇيۇشمىسى ۋە جىڭ خۇ دوختۇرخانىسى خەيرى - ساخاۋەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىسى لۇلىيەنرو مەبلەغ سېلىپ قۇرغان. بۇ باغچىنىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپ، ئاۋمېندىكى خۇسۇسىي باغچىلار ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

پورتۇگالىيىچە مەنزىرىلىك باغچا: داڭزەي ئارىلىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان بېيۇەن ئەتراپىدىكى ياۋروپاچە مەنزىرىلىك جاينى كۆرسىتىدۇ. بۇ جاي دېڭىز بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل. 1968 - يىلدىن كېيىن بۇ جاينىڭ دېڭىز ساھىلى مانگروۋا دەرىخىدىن ھاسىل بولغان ئورمانزارلىققا پۈركەلگەن. تاش بىلەن قوپۇرۇلغان يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى بەشتىن قاتار سېلىنغان پورتۇگالىيىچە بىر يۈرۈش قورۇلۇشلار ئاشۇ يېشىللىققا پۈركەلگەن بولۇپ، ساياھەتچىلەرنى مەپتۇن قىلىپ تۇرىدۇ.

قاراقۇم بارخان: بۇ جاي «چوڭ ئايلانما» يول دىپ ئاتالغان قاراقۇملۇق دېڭىز ساھىلى بولۇپ، قۇملۇق ساياز يەرنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇملىرى يۇمشاق، قارا رەڭلىك بولۇپ، ئاۋمېن رايونىدىكى ئەڭ چوڭ تەبىئىي دېڭىز ساھىلى «مۇنچىسى» دېگەن نامى بار.

مۇقەددەس جاي — سەنبا: بۇ جاي چوڭ سەنبا خاتىرە راۋىقى بىلەن زەمبىرەك سۇپىسىدىن تەركىب تاپقان مەنزىرىلىك رايون. چوڭ سەنبا خاتىرە راۋىقى ئەسلىدە چوڭ سەنبا چېركاۋىسى بولۇپ، تەخمىنەن 1637 - يىلى قۇرۇلغان. 1835 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گۈگۈم چۈشكەندە چېركاۋغا ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەن، ھازىر بۇ جاينىڭ خارابىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. زەمبىرەك سۇپىسى ئەسلىدە سەنبا چېركاۋىدىكى نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدىغان جاي ئىدى. بۇ جاي 300 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى چەكلەنگەن ھەربىي رايون ئىدى. 1966 - يىلدىن كېيىن ساياھەت رايونى قىلىپ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن.

خىلۋەت جاي — پۇجى: ئاۋمېندا مۇناخلار تىلاۋەت قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانا، مەنزىرىسى گۈزەل، جىمجىت بولۇپ، مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەنۇبىي جۇڭگو بۇتخانىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان، 400 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە. ئەڭ دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇپ مىڭ سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئەربابلار تۇرغان جاي، كېيىن مەرتىۋىلىك ئەسپ ۋە ئالىملار بىرگە تۇرغان جاي. 1844 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئامېرىكا - جۇڭگو «ۋاڭ شا ئەھدىنامىسى» نى ئىمزالىغان چاغدا ئىشلەتكەن تاشتىن ياسالغان توققۇز يېزا، ئورۇندۇقلار ھېلىمۇ بۇ يەردە ساقلانماقتا.

ماگې ئىبادەتخانىسى: ماگې ئىبادەتخانىسى ئاۋمېندىكى ئۈچ چوڭ ئىبادەتخانا ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىبادەتخانا 500 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئاۋمېن پەيدا بولغانلىقىنىڭ تارىخىي گۇۋاھچىسى. ماگې ئىبادەتخانىسى ئەلمىساقتىن بۇيان ساياھەتچىلەر چوقۇم بارمىسا بولمايدىغان، تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيدىغان خەيرلىك جاي.

(جوۋ خۇڭلىن)

---


ئىزاھات:

1 - سان «زامانىۋى تۇرمۇش گېزىتى» 99 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، «گۇاڭشى ياشانغانلار گېزىتى» 99 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋە «دافېڭباۋ گېزىتى» 99 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنلىرىدىكى بەت - سانلىرىدا بېسىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن رەتلەپ چىقىلدى


ھەبىبۇللا ئىمىن تەرجىمىسى

# باي ناھىيىلىك كۆمۈر سېتىش شىركىتىنىڭ قاراباغ يېزىسىدىكى چازىسى بىكار قىلىنسا

مەركەز دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قالايمىقان سېلىق ئېلىش ھادىسىسى قانۇن بويىچە تىزگىنلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، باي ناھىيىلىك كۆمۈر سېتىش شىركىتىنىڭ قاراباغ يېزىسىدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى يول ئېغىزىغا چازا قۇرۇپ، بۇ يېزىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن ئەكەلگەن كۆمۈرگە قارىتا ھەق ئالماقتا. دېھقان ـ چارۋىچىلار زارلانماقتا. ھارۋا، تراكتورلارغا كۆمۈر بېسىپ، يانچۇقىدا بار پۇلىنى كۆمۈرخانىغا تاپشۇرۇپ ھەم نۆۋەت كۈتۈپ خەجلەپ تۈگىتىپ بولغان بىچارە دېھقانلار چازىدا توسۇلغاندا، بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن پۇلىنى ئەكىلىپ بېرىشنى يالۋۇرۇپ ئېيتسىمۇ، چازا بېقىۋاتقانلار تەرىپىدىن قوپاللىق بىلەن ھاقارەتلىنىپ، ناھايىتى تەسلىكتە كۆمۈركاندىن ئەكەلگەن كۆمۈرى چۈشۈرۈۋېلىنىپ، دېھقانلار قۇرۇق قايتۇرۇلۇپ، ئۇلار يەنە نەچچە ئون كىلومېتىر يولنى قۇرۇق مېڭىپ، پۇل ئەكىلىپ، كۆمۈرنى ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولماقتا. يېزا رەھبەرلىرى ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بۇ ئىنكاسنى يەتكۈزگەن ۋە يېزىمىزدىكى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ۋەكىللىرى بىر قانچە رەت بۇ قانۇنسىز چازىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە بىرەر ئورۇننىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىيالمىدى.



ھېچقانداق قانۇن ئاساسى بولمىغان بۇ شىركەت كۆمۈركان بىلەن بۇ يېزىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئوتتۇرىسىدا «پوقاق» تەك قىسىلىۋېلىپ، توساق قۇرۇپ، پۇل يىغىۋالسا، بۇ مەركەزنىڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇنمۇ؟ بۇ ئىش ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك.





(باي ناھىيە قاراباغ يېزىلىق پارتكومدىن
قۇربان سايىم)

# باشلاڭ بىزنى ئەتىگە

(مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى، مۇنەۋۋەر يېزا (بازار) لىق پارتكوم شۇجىسى، 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، يەكەن ناھىيە چارباغ يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ھۆسىيىن يۈسۈپكە بېغىشلايمەن)

مۇتەللىپچان مۇھەممەد (ھىجرانى)

چىقتى بىزدىن بىر شۇجى،
ئالدىن كۆرەر رەھبەر ئۇ.
يۇرتىمىزنىڭ كۆكىدە،
چاراقلىغان ئەختەر ئۇ.

ھەممە ئىشتا باشلامچى،
ئەل غېمىنى ئويلايدۇ.
كەنت ـ مەھەللە ئارىلاپ،
چارچىمايدۇ، ھارمايدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇق،
ئۇ باشلىغاچ توغرا يول.
پاراۋانلىق تۇرمۇشقا،
سالدۇق پۇختا، ياخشى ئۇل.

# دېھقان

مۇتەللىپ ئەھەتباقى

سەھرادىكى ئىزغىرىن يولدا،
كېتىپ بارار بىر ئادىي ئىنسان.
قەلبى ئۇنىڭ بەئەينى قوياش،
يورار شۇندىن بۇ كەڭرى جاھان.

قىزارغاندا شەرقتىن ئۇپۇق،
يول ئالىدۇ ئېتىزلىق تامان.
مايسىلارمۇ دەيدۇ سۆيۈنۈپ،
بول جاپاكەش مەڭگۈگە ئامان.

تومۇزلاردا ئىشلەيدۇ چاڭقاپ،
ئانا يەرگە ئەجىر سىڭدۇرۇپ.
تەر تۆكىدۇ ئېتىز ـ قىرلارغا،
مېھرى بىلەن قانماستىن سۆيۈپ.

يارىتىدۇ ھاياتقا باھار،
تەمەنناسىز شادلىق ئىلكىدە.
ئۈچرىسىمۇ مۇشكۈل ـ جاپاغا،
جىلۋىلىنەر كۈلكە چېھرىدە.

يۈرىكىنى تىڭشىساڭ ئەگەر،
كۆۋەجىگەن بىر دەريا ئايان.
دولقۇنلىغان ئېھ، ئاشۇ دەريا،
ئەل ئۈچۈنلا ئاقىدۇ ھەريان.

# ئىككى شېئىر

جانىخان ئەلىفشا (تاجىك)

## مېھرىڭ ئايان ۋەتىنىم ئانا مېھرىدە

ئانام مېنى يىگىت قىلىپ قوشتى قاتارغا،
ئۇ گويا شامدەك ئېرىپ كۆيدى مەن ئۈچۈن.
چەكتى ئازاب، شادلىقىنى بېغىشلاپ ماڭا،
پەرزەنت ئۈچۈن ئۇ ئاتىدى بارىنى پۈتۈن.

شۇ ئانىدەك غەمگۇزارسەن ئانا ۋەتىنىم،
ئەسىرلەرگە باشلاپ كىردىڭ مېنى پاك سەبىي.
سەندە بەختىم دەرۋازىسى ئېچىلدى كەڭ بوپ،
(سەندە كۈلۈپ ياشنىغۇسى ئۆمرۈم ئەبەدىي).

ئىلاھ دېسە ئانىلارنى دېسە بولىدۇ،
ئۇ ھاياتلىق ئالەمنى ياشارتتى قەۋەت.
ئاق سۈتىنىڭ خىسلىتىدىن ئەقىل دەرياسى،
ھەر بىر تەنگە بېلىق مىسال بەردى كۈچ ـ قۇۋۋەت.

مېھرىڭ ئايان ۋەتىنىم، ئېھ ئانا مېھرىدە،
كۆردۈم بۈنى سىلەر تارتقان جەبىر ـ جاپادىن.
ئەجرىڭلارغا جاۋاب بەردىم شۇنى مەن پەقەت،
ئەل دىلىغا سۇ بېرەلسەم مېھر ـ ۋاپادىن.

## پامىر سەھەرى

ھەر كۈنى چىرايلىق بالقىيدۇ قۇياش،
نۇرلاردىن يۇيۇنار ئورمان، ئېگىز تاغ.
جانلىنىپ باشقىچە تاغدا ھاياتلىق،
تاۋلىنار ئوتقاشتەك يايلاق ـ چىمەن باغ.

تەبىئەت قۇشلىرى شۇ قەدەر مۇڭلۇق،
سايرىشىپ دىللارنى قىلار خۇشال ـ لال.

پەرىشتە يېشىدەك سۈزۈك ئېقىنلار،
چاڭقىغان دالاغا ئېلىپ كېتەر بال.

كۆزلەردە مىڭ تەسۋىر سىزىپ ئۆتەر پاھ،
پامىرنىڭ سەھىرى خۇشبۇي ھاۋاسى.
چېچىلغان نۇرلاردەك بەخت كۈيىدىن،
يېيىلار ئاپتاپتەك، شادلىق ساداسى.

# خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك نىزاملاردا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى

| | |
|---|---|
| 申诉人 | ئەرز قىلغۇچى |
| 生产,销售伪劣商品罪 | ساختا ۋە ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش جىنايىتى |
| 士兵 | ئەسكەر |
| 施工单位 | قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن |
| 实际改造履行能力 | ئەمەلىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى |
| 界碑,界桩 | چېگرا تاختىسى، چېگرا قوزۇقى |
| 事前通谋 | ئالدىن تىل بىرىكتۈرۈش |
| 时效 | ۋاقىت چېكى |
| 手续费 | رەسمىيەت ھەققى |
| 狩猎法规 | ئوۋچىلىق قانۇن - مىزانى |
| 首要分子 | باش ئۇنسۇرلار |
| 受益人 | مەنپەئەتدار |
| 数额巨大 | سوممىسى ناھايىتى كۆپ |
| 数罪并罚 | بىر نەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش |
| 水体,大气 | سۇ ۋە ئاتموسفېرا |
| 私放俘虏 | ئەسىرلەرنى ئاسارەتتىن قويۇپ بەرگەنلەر |
| 私人财产 | خۇسۇسىي مال - مۈلۈك |
| 死刑 | ئۆلۈم جازاسى |
| 诉讼代理人 | دەۋا ۋاكالەتچىسى |
| 索取请托人财物 | پۇل مال تەلەپ قىلىش |
| 索取他人财物 | باشقىلاردىن پۇل مال تەلەپ قىلىش |
| 所有人 | ئىگىدار |
| 贪污贿赂罪 | خىيانەتچىلىك پارىخورلۇق جىنايىتى |
| 贪污罪 | خىيانەتچىلىك جىنايىتى |
| 贪生怕死 | ئۆلۈمدىن قورقۇش |
| 贪赃枉法 | پارىخورلۇق قىلىپ قانۇننى بۇزۇش |
| 逃避海关监管 | تاموژنىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىدىن قاچۇرۇش |
| 逃避侦查或者审判 | تەھقىقلىنىشتىن ياكى سوت قىلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش |
| 特定减税,免税进口的货物 | بېجى ئالاھىدە بەلگىلىمە بويىچە كېمەيتىلىپ كەچۈرۈم قىلىنىپ ئىمپورت قىلىنغان مال |
| 体罚 | تەن جازاسى |
| 体罚虐待 | تەن جازاسى بېرىپ خارلاش |
| 通风报信 | خەۋەر يەتكۈزۈش |
| 同工同酬 | ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىش |
| 投保人 | سۇغۇرتىلانغۇچى |

| | |
|---|---|
| 投标报价 | خېرىدارلىققا چىقىش باھاسى |
| 投标人 | خېرىدارلىققا چىققۇچى |
| 投毒 | زەھەر سېلىش |
| 偷盗婴幼儿 | گۆدەك باللارنى ئوغرىلاش |
| 偷税数额 | ئوغرىلىغان باج سوممىسى |
| 偷逃应缴税额 | ئوغرىلانغان، قاچۇرغان باج سوممىسى |
| 偷越国(边)境 | دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈش |
| 土地使用权 | يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى |
| 外交特权和豁免权 | دىپلوماتىيە ئىمتىيازى ۋە كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقى |
| 枉法裁判 | ناھەق ھۆكۈم - كېسىم چىقىرىش |
| 违法所得 | قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت |
| 违反职责罪 | مەسئۇلىيەتكە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى |
| 为非作恶 | تۈرلۈك ئەسكىلىكلەرنى قىلىش |
| 危害公共安全罪 | جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى |
| 危害公共卫生罪 | جامائەت تازىلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى |
| 危害国防利益罪 | دۆلەت مۇداپىئەسى مەنپەئىتىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى |
| 危害国家安全罪 | دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى |
| 危害税收征管罪 | باج ئېلىش - باشقۇرۇش ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى |
| 违抗命令 | بۇيرۇققا قارشىلىق كۆرسىتىش |
| 卫生防疫机构 | ساقلىقنى ساقلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى |
| 卫生检疫 | تازىلىق كارانتىنى |
| 危险废物 | خەتەرلىك تاشلاندۇق |
| 危险宣告缓刑 | نەق خەۋپى بولمىغان جازا |
| 伪造,变造金融票证 | پۇل مۇئامىلە تالون ئىسپاتلىرىنى ياسىۋېلىش، ئۆزگەرتىش |
| 伪造货币 | يالغان پۇل ياساش |
| 伪造证据 | دەلىل - ئىسپات ئويدۇرۇپ چىقىش |
| 伪证 | يالغان گۇۋاھلىق |
| 文化遗址,古墓葬 | مەدەنىيەت ئىزى، قەدىمكى قەبرە |
| 文化娱乐业 | مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئورنى |
| 文职干部 | مۇلكى كادىر |
| 窝藏赃物 | ھارام پۇلنى يوشۇرۇش |
| 侮辱尸体 | ھاقارەتلىنىش |
| 武器装备 | قورال - جابدۇق |
| 无资金保证的汇票 | مەبلەغ كېپىللىكى بولمىغان پېرېۋوت چېكى |
| 吸食,注射毒品 | زەھەرلىك بۇيۇم ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئوكۇل قىلىپ سالدۇرۇش |
| 现役警官 | رەسمىي ساقچى ئوفىتسېر |
| 现役军官 | رەسمىي ئوفىتسېر |
| 限制其人身自由 | جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەپ قويۇش |



پامىر ئېگىزلىكى


شېن تيەنشياڭ فوتوسى

## شىنجاڭ مەنزىرىلىرىدىن تاللانما



ئالقۇ كۆلى

دېڭ چاڭمىڭ فوتوسى



قاناستا كۆز

دىڭ جېنجياڭ فوتوسى

بەت لايىھىلىگۈچى، فوتوگراف ۋاڭ شىنپىڭ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش نومۇرى CN65 - 1033/D-W باھاسى 2.40 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433